[illegible]

1921:1

# ايوّب نينك كتابى


بِرتِش فُوَرين بايبل سُسَيتِى

اوچون

كاشغر شهريده سوتيان فوينك تانك نينك

باسمه خانه سيده باسيلدى

١٩٢١

Eastern ( Kashgar ) Turki

The Book of Job .

# ایوّب نینک کتابی

## اوّلنقی باب

۱ عَوص یورتیدا ایوّب اتلیق بر آدم بار ایردی.
اول آدم کامل و راست و خدادین قورقتوچی بولوب
۲ یماندین قاچار ایردی. و انکا یته اوغول و اوچ قیز
۳ توغولدی. انینک مالی همم یته مینک قوی اوچ مینک تیوه
و بش یوز جفت اوُی و بش یوز ماده ایشاك و خذمتکار
لاردین نهایتی تولا بار ایردی شونداغ که بو آدم مشرقداکی
٤ لارنینک چونکی ایردی. و انینک اوغوللاری هر بری
اوز کونیده اوز اوییکا باریب ضیافت قیلور ایردیلار و
ایباریب اوچ همشیرهلارینی اولار بیلان یب ایچکالی چقیرور
٥ ایردیلار. و شونداغ بولدیکه اولارنینک ضیافتینینک
نوبت کونلاری اوتوب بولغاندا ایوّب ایباریب اولارنی
تقدیس قیلیب ایرتهکانده سحر قوپوب همهسی نینک عددیکا
موافق کویدورادورغان قربانلیقلارنی قیلور ایردی.

چونکه ایوّب ایتور ایردی: اوغول‌لاریم گناه قیلیب اوز
کونکل‌لاریده خدادین تانغان میکن. ایوّب شونداغ همیشه
قیلور ایردی.
٦ اعدی بر کون واقع بولدیکه خدانینک اوغول‌لاری
اوزینی خداوند الدیدا تورغوزغالی کالکانده شیطان هم اولار
٧ اراسیدا کالدی. و خداوند شیطانغه ایتی: نه یردین کاورسن؟
شیطان خداوندکا جواب بریب ایتی: یرده باریب کایشدین
٨ و اندا چور کولوب یوروشدین. و خداوند شیطانغه ایتی:
بنده‌م ایوّبدین خبردار بولدونک‌مو؟ چونکه یر یوزیده
انینکدیک کامل و راست و خدادین قورققوچی و یماندین
٩ قاچادورغان کشی یوقدور. اول وقت شیطان خداوندکا
١٠ جواب بریب ایتی: ایوّب خدادین بیکار قورقامدور؟ آیا
اوزی نینک چوره‌سیده و اویی نینک چوره‌سیده و همه بار
نرسه‌لاری نینک چوره‌سیده هر طرفدین احاطه قیلمادینک
مو؟ انینک قول‌لاری نینک ایشیغه برکت بریب سن و انینک
١١ مالی یورتدا آووغاندور. امّا قولونک‌نی اعدی اوزاتیب
انینک همه بار نرسه‌لاریکا تکوزگیل و اول یوزونککا
١٢ قاپلاب سندین تانار. و خداوند شیطانغه ایتی: منا انینک
همه بار نرسه‌لاری سنینک قولونکدا دور. مکر انینک

اوزیکا قولونك نی اوزاتماغیل. پس شیطان خداوندنینك
حضوریدین چیقیب کیتّی.
١٣ واینك اوغول لاری و قیزلاری بر کون چونك اکاسی
١٤ نینك اویده یب شراب ایچکانده واقع بولدیکه. ایوبغه بر
خبرچی کلیب ایتی: اوی لار قوشدا بقوسا تارتیب توردیلار
١٥ و ایشاك لار یانیدا اوتلاب یوردیلار. و سبالار هجوم قیلیب
اولارنی الیب کیتّیلار. آری اولار یکیت لارنی قلیج بسی
بیلان اوروب دورلار و یالغوز من سنکا خبر برکالی قوتولغان
١٦ دور من. اول تخی کپ قیلیب تورغاندا باشقه سی هم کلیب
ایتی: خدانینك اوتی آسماندین توشوب قوی بیلان یکیت
لارنی کویدوروب یوقاتّی و یالغوز من سنکا خبر برکالی
١٧ قوتولغان دور من. اول تخی کپ قیلیب تورغاندا باشقه سی هم
کلیب ایتی: کلدانیلار اوچ کروه بولوب تیوه لار اوستیده
هجوم قیلیب اولارنی الیب کتیب دورلار. آری یکیت لارنی
قلیج بسی بیلان اوروب دورلار و یالغوز من سنکا خبر
١٨ برکالی قوتولغان دور من. اول تخی کپ قیلیب تورغاندا
باشقه سی هم کلیب ایتی: اوغول لارینك برله قیزلارینك
١٩ اکاسی نینك اویده یب شراب ایچیب توردیلار. و منا
جنکلدین چونك بر بوران کلیب اوی نینك تورت بورچکیکا

اوردی و اول بلالار اوستیکا یقیلدی و اولار اولکان
دورلار و یالغوز من سنکا خبر برکالی قوتولغان دورمن.
٢٠ اول وقت ایّوب قوپوب چپانی نی یرتیب باشی نی توشوروب
٢١ یرکا توشوب سجده قیلدی. و اول ایتی: یلانکغاچ انام
نینک قورساقیدین چیقتیم و یلانکغاچ اول یرکا یانارمن.
خداوند بردی و خداوند الیب دور. خداوندنینک اسمیکا حمد
٢٢ و ثنا بولغای. بو همه‌سیده ایّوب گناه قیلمادی و یاخدا
اوچون حماقت سوزلامادی.

## ایکنچی باب

١ ینه بر کون واقع بولدیکه خدانینک اوغوللاری
اوزینی خداوند الدیدا تورغوز غالی کالکانده شیطان هم
خداوندنینک الدیدا اوزینی تورغوزغالی اولارنینک اراسیدا
٢ کالدی. و خداوند شیطانغه ایتی: نه یردین کاورسن؟ و
شیطان خداوندکا جواب بریب ایتی: یرده باریب کایشدین و
٣ اندا چورکولوب یوروشدین. و خداوند شیطانغه ایتی:
بنده‌م ایوبدین خبردار بولدونک مو؟ چونکه یر یوزیده
اینکدیک کامل و راست و خدادین قورققوچی و یماندین
قاچادورغان کشی یوق دور. سن اینک ضدّیغه سببسز انی

هلاك قیلغالی منی قوپارغانینك بیلان اول تخی اوز صافلیقی نی
٤ توتوب تورادور. شیطان خداوندکا جواب بریب ایتی: تری
اوچون تری. آری آدم همه بار نرسه‌لارینی اوز جانی
٥ اوچون برادور. امّا قولونك نی ایمدی اوزاتیب اینینك
استخوان و اَتیکا تکّوز کیل و اول یوزونککا قایلاب سندین
٦ تانار. و خداوند شیطانغه ایتی: منا اول سنینك قولونکدا
٧ دور. امّا اینینك جانی نی ایاغایسن. پس شیطان خداوند نینك
حضوریدین چیقیب کتیب ایوّب نی پوتی نینك الاقانیدین
٨ چوقاسیغچه یمان چیقانلاردین اوردی. و اول اوزینی
قاشلاغالی بر سفال نی الیب کوُل نینك ایچیده اولتوردی.
٩ اول وقت خاتونی انکا ایتی: سن صافلیقینك نی تخی توتوب
١٠ تورورموسن؟ خدادین تانیب اولکیل. امّا اول انکا ایتی:
سن احمق خاتونلارنینك بریدیك کپ قیلورسن. آیا خدا
نینك قولیدین یخشی نرسه‌نی قبول قیلیب یمان نرسه‌نی قبول
قیلمایلی مو؟ بو همه‌سیده ایوّب لب‌لاری برله کناه قیلمادی.
١١ ایمدی ایوّب نینك اوچ دوستلاری بو اینینك اوستیکا
کلکان همه بلا‌لارنی انکلاب اولار هر بری اوز جاییدین
کلدیلار یعنی تیمانلیق الیفز شوحلوق بِلداد و نعماثلیق
صوفر. اولار بارغالی و انکا تعزیت ایتقالی و تسلّی برکالی

١٢ مصلحت قیلیشتیلار.• و اولار یراقدین کوزلارینی اچیب قایلا
غاندانی تونومای آوازلارینی چیقاریب یغلاب هر بری اوز
چپانی نی یرتیب توپا آسمان طرفیکا باشلاری نینک اوستیکا
١٣ ساچتیلار.• پس اینک برله یرده یته کون یته کیچه اولتور
دیلار و هیچ قایسی سی انکا بر سوز قیلمادی چونکه
اینک دردی نهایت چونک ایکانی نی کوردیلار.

## (اوچونچی باب)

١ موندین کین ایوب اغزینی اچیب اوز کونی نی ملعون
٢ قیلدی.• ایوب سوز قیلیب ایتی:
٣ من توغولغان کونی و اوغول بلا تورالدی دیب دیکان
٤ کیچه سی یوقالغای.• اول کون قرانکغولوق بولغای. خدا یوقا
ریدین اینکدین سورماغای و یاروق اینک اوستیکا توشما
٥ کای.• قرانکغولوق و اولوم نینک سایه‌سی اوزیکا طلب
قیلغای. بلوت اینک اوستیده ساکن بولغای. کون نی قرا قیلغو
٦ لوق هر نرسه انی خوف قیلغای.• اول کیچه بولسه قپ قرانکغو
لوقدین توتولغای. یل نینک کونلاری اراسیدا خوشلوق
٧ قیلماغای. آی لار نینک عددیکا کیرماکای.• منا اول
٨ کیچه تنها بولغای. هیچ شادلیق انکا کیرماکای.• لویاثان نی (*

(* یعنی نهنک نی

قوپاریشقه طیّار تورغوچیلار و کون لعنت قیلغوچیلار انی
لعنت قیلغایلار . ایدینك کیچقورون نینك یولدوزلاری ۹
قرانکغو بولغای . یاروغلوقغه انتظار بولوب هیچ تاپماغای
و یا صبح نینك کوز قپاق لارینی کورماکای . چونکه اول ۱۰
انام نینك قورساقی نینك ایشیك لارینی ایتمادی و یا کوز
لاریم دین مشقّت نی یاشورمادی . نمه ایشقه انام نینك ۱۱
رحمیده حاضر اولمادیم ؟ نمه ایشقه قورساقدین چیقّانیم دا
روح نی تاپشورمادیم ؟ نمه ایشقه تیزلار و یا نمه ایشقه من ۱۲
ایمادورغان ایمچاك لار منی قبول قیلدیلار ؟ چونکه ایمدی ۱۳
تنچ بولوب یاتیب اوخلار ایردیم . اول وقت آرام الور
ایردیم . اوزلاریکا ویران یرلارنی بنا قیلغان دنیانینك پادشاه ۱٤
لاری و محکمه اعضالاری بیلان . و یا اوز اوی لارینی کموش ۱۵
برله تولدورغان آلتون بار امیرلار بیلان . یا یاشورولغان ۱٦
بویدین اجراغاندیك من یوق بولوب یاروق نی کورماکان
بالالاردیك بولور ایردیم .. اندا فاسیق لار خفه قیلماق نی قویا ۱۷
دورلار و اندا هارغانلار آرام تاپارلار .. زندانیلار بیلیك ۱۸
لیك بیلان بولوشوب زورکرنینك آوازینی انکلاماسلار ..
اندا کچیك بیلان چونك بولور و قُل خواجه سیدین آزاد ۱۹
بولغاندور .. بیچاره لیکده تورغانغه نمه اوچون یاروق ۲۰

٢١ بریلدی و یا حیات مشقّتلیق جانغه. که اولوم‌نی ساغینور امّا
٢٢ اول کلماس و خزینه‌دین زیاده‌راك ایزلکدین کورلار. که
٢٣ نهایت خرسند و کورنی تاپالغاندا خوش بولورلار؟. یولی
یاشورولغان آدم و چوره‌سی‌نی خدا بند قیلغانغه نمه ایشقه
٢٤ یاروق بریلدی؟. چونکه یماکیم‌دین ایلکاری آه تارتیشیم
٢٥ کلور و فریادلاریم سودیك اقار. چونکه من قورقادورغان
نرسه اوستوم‌کا کلدی و وحشت قیلغانیم منکا یتّی. منکا
٢٦ راحت یوق و نه تینجلیق و نه آرام بلکه خفه‌لیق کلور.

## (تورتونجی باب)

اول وقت تیمانلیق الیفز سوز قیلیب ایتی:
٢ کشی سنینك برله سوزلاشیب باقسه سنکا اغیر کلور
٣ مو؟ امّا کیم اوزی‌نی سوز قیلیشیدین توختاتالایدور؟. منا سن
تولالارغه عبرت بریب عاجز قوللارنی قوّتلاندوروب
٤ سن. سوزلارینك یقیلیب تورغان‌نی یولاب دورلار و
٥ سن ضعیف تیزلارنی قوّتلاندوروب دور سن. امّا
ایمدی اوزونککا کلکانده ایلاندینك؛ سنکا تکوزسه سن
٦ مضطرب بولورسن. خدادین قورقونجونك سنینك خاطر
جملیکینك ایماسمو؟ اُمیدینك یوللارینك نینك صافلیقی

٧ ایعاسمو؟. التماس قیلورمن یادینکیزغه کلتورکیل بی گناه کیم
ضائع بولدی؟ و یا راست کمرسه نه یرده کسیلور ایردی؟.
٨ من کورکاندیك بولسه خطانی قوش هیدایدورغانلار و آفت
٩ نی ساچادورغانلار شونداغ نرسه نی اورارلار. خدانینك
نفسیدین هلاك بولورلار و اینینك غضبی نینك بورا
١٠ نیدین یوق بولورلار. شیرنینك اولوماقی بیلان اولوی
دورغان شیرنینك آوازی و یاش شیرلارنینك تیشلاری
١١ سیندورولور. قری شیر شکار یوقلوقی اوچون هلاك بولور
١٢ و تیشی شیرنینك بلالاری تاشقاری تارالدی. امّا برنرسه
اوغورلوق برله منکا کلتورولدی و قولاقیم انینکدین خفیه
١٣ کپ انکلادی. کیچه نینك رؤیالاری نینك خیاللاریدا
١٤ آدمغه قاتیق اویقو توشکانده. قورقونج و تیتراك منینك
اوستومکا کلدیکه تمام استخوانلاریمغه لرزه کلتوردی.
١٥ اول وقت یوزوم نینك الدیدین بر روح اوتی بدنیم نینك
١٦ توکلاری (قورقونجدین) تیکتور یاتیب کتّی. اول شوك
توردی امّا اینینك هیئتی نی فهملایالمادیم کوزلاریم نینك الدیدا
بر صورت بار ایردی بر سلیق اون و بر آواز شونداغ
١٧ انکلادیم: فانی انسان خدادین صادقراق بولورمو؟ آدم اوز
١٨ خالقیدین پاکراك بولورمو؟ منا اول بنده لاریکا یوتماسر و

۱۹ اوز فرشته‌لارینی احمقلیق اوچون توتادور؛ لای اوی
لاریده اولتورغوچیلارنی اولی تفراقدا ایکانلارنی قانچه
۲۰ زیاده! اولار کویه‌دیك ازیلور. ایرته‌کاندین تارتیب اخشام
غچه اولار خراب قیلینورلار؛ کمرسه خبرسز ابدغچه هلاك
۲۱ بولورلار. چادر طناب‌لاری اولارنینك ایچیده چیقارغان
ایماسمو؟ اولار حکمت‌سز اولورلار.

## بشنجی باب

۱ ایمدی چقیرغیل؛ سنکا اوچور بیرکالی کمرسه بارمو؟ و
۲ مقدسلارنینك قایسی سیغه یوزلانورسن؟ چونکه رنجش
۳ احمق‌نی قتل قیلور و حسد بدبخت‌نی اولتورور. احمق‌نینك
ییلدیزلاغانی‌نی کوروب دورمن؛ ناکاه اینینك مکانی‌نی
۴ لعنت قیلدیم. اینینك بالالاری سلامت‌دین یراق‌دورلار
و اولار دروازه‌ده دبسالانورلار؛ اولارنی قوتقازغالی کمرسه
۵ یوق‌دور. آچلار اینینك حصولی‌نی یب کتار و هم
چیت‌لارنینك اراسیدین الورلار و دولت‌لاریکا سیتمه
۶ اوچوق تورادور. چونکه زحمت تفراقدین چیقماس و یا
۷ مشقت زمیندین اونماس. امّا اوچقون یوقاریغه اوچقاندیك
۸ آدم مشقت اوچون توغولغان‌دور. امّا من بولسام ایستاکانیم

خدا طرفیکا بولور ایردی و دعوایمنی خداغه تاپشورور
ایردیم. اولوغ و تفتیش قیلینمایدورغان عمللارنی حدسز ٩
عجایب ایشلارنی قیلغوچیغه. یامغور یرکا یاغدوروب سو ١٠
لارنی اتیزلارکا ایبارکوچیکا. شونداغکه پست تورغانلارنی ١١
ایکیز تورغوزور و ماتملیکلار سلامتکا کوتاریلورلار.
اول حیله کرلارنینک تدبیرلارینی بوزار شونداغکه قول ١٢
لاری مطلبینی قیلالمایدور. اول حکیملارنی اوز حیله کر ١٣
لیکیده توتارو بوزوقلارنینک مصلحتی یقیتیلور. کوندوزی ١٤
قرانکغولوق اولارغه اوچرار و توش وقتیدا کیچه داکی
دیک تمتالایدورلار. امّا اولارنینک اغیز قلیچیدین اول ١٥
قوتقازور و هم فقیرنی کوچلوقلارنینک قولیدین. پس ١٦
مسکین اوچون اُمید باردور و بوزوغلوق اوز اغزینی
یومار.* منا خدا تنبیه قیلغان کشی خوشحال دور؛ انینک ١٧
اوچون قادر مطلقنینک ادبینی سن تحقیر قیلماغیل. چونکه ١٨
اول زخم قیلیب تانکادور اول جراحت قیلور و انینک قول
لاری ساقاییتیب برور. اول سنی التّه تنکلیکدین قوتقازور؛ ١٩
آری یتّه ده سنکا هیچ یمان تکماس. اچاچیلیقدا اول سنی ٢٠
اولومدین و جنکده قلیچ کوچیدین خلاص قیلور.* تیل طعنه ٢١
سیدین یاشورولورسن و ویرانلیق کلکانده انینکدین هم

٢٢ قورقمایسن. ویرانلیقده و قیمتچیلیقده کولارسن و یایرداکی
٢٣ (یرتغو) جانورلاردین قورقمایسن. چونکه یر یوزی نینک
تاشلاری بیلان عهدینک بار بولور و یر نینک (یرتغو)
٢٤ جانورلاری سنینک برله سلامتده تورورلار. و چادرینک
نینک سلامتلیکی نی بیلورسن و مکانینک نی یوقلاغاندا هیچ
٢٥ نرسه کم ایماسدور. اوروغونک چونك و نسلینک یرنینک گیاه
٢٦ لاریدیك بولادورغانی نی بیلورسن. بر اشلیق باغی اوز
وقتیدا کیرگاندیك سن قریب پشقاندا گورونگغه بارورسن.
٢٧ منا مونی تحقیقلاب دورمیز و شونداغ دور. انی انگلاب.
اوز فائده نك اوچون بیلگیل

## (التنجی باب)

١ اول وقت ایوب سوز قیلیب ایتی:
٢ کاشکه رنجیشیم تارتیلسه ایردی و مصیبتیم انینك برله
٣ ترازوغه سالیشقان بولسه ایردی! چونکه امدی دریالار
نینک قومیدین اول اغیر بولور ایردی. انینك اوچون سوز
٤ لاریم بی فکر بولوب دور. چونکه قادر مطلق نینک اوق
لاری منینک ایچیمده دورلار و روحوم اولار نینک
زهرینی ایچادور. خدانینک خوف لاری ضدیمغه صف تار

تارلار.• اوتی بار حالدا قولان هانکرامدور؟ آیا کاله اوز ٥
خشکی نینك اوستیده مورامدور؟• تاتی یوق نرسه توزسز ٦
ییلورمو؟ آیا بر تخوم نینك اقیدا تاتی بارمو؟• جانیم اولارغه ٧
تگالی اوناماس؛ اولار منکا مکروه غذادیك دورلار.•
کاشکه طلبیم منکا یتسه ایردی و که خدا ساغینیقیم نی منکا ٨
برسه ایردی!• هم که منی سندوروشقه خداغه اراده بولسه ٩
ایردیکه اول قول نی قویوب بریب منی کسیب اتسه
ایردی!• اول وقت منکا تخی تسلّی بولور ایردی آری کم ١٠
احساس دردیمده خوشلوق قیلور ایردیم چونکه قدّوس نینك
سوزلارینی انکار قیلماب دورمن.• منینك قوّتیم نه دور که ١١
منتظر بولغایمن و آخریم نه دور که صبر قیلغایمن؟• قوّتیم ١٢
تاشلار نینك قوّتی مو؟ آیا منینك جسمیم میسدین مو؟• انداغ ١٣
احساس موکه منده یاریلیق یوق دور و حاصل عمل تمام مندین
هایدالیب دور؟• ایلانیب تورغانغه دوستی طرفیدین مهر ١٤
بانلیق قیلینغای؛ بولماسه قادر مطلق نینك قورقوبجی نی اول
ترك قیلغای.• برادرلاریم منینك برله جلغه دیك حیله ایشلا ١٥
تیب دورلار پات اقیب توکایدورغان جلغه لاردیك• که موز ١٦
دین قرا دورلار. اولار نینك ایچیده قار اوزینی یاشورور.•
قچانکه ایسّیق بولسه لار اولار یوقالور؛ قزیق بولغاندا اوز ١٧

١٨ اورنیدین یوقاتیلورلار . اولارنینگ یولی برله یورادور
غان کاروانلار یانداب کتارلار . اولار چول نینگ ایچیگا
١٩ چیقیب هلاك بولورلار .. تیمانینك کاروانلاری
قاپلاب باقتیلار .شبانینك سوداکر توپلاری اولارغه
٢٠ ساقلاب توردیلار.. اولار اُمید قیلغانی اوچون شرمنده
٢١ بولدیلار و اول یرکا یتیب خجالت بولدیلار.. چونکه
اعدی هیچ نمه ایماس سیزلار؛ بر خوفنی کوروب
٢٢ قورقار سیزلار. منکا برینکلار آیا مالینکیزدین منینك
٢٣ اوچون سوغات کلتورونکلار دیب ایتّیم مو؟. آیا: منی
دوشمن نینك قولیدین قوتقازینکلار! آیا: زورلاغوچیلار
٢٤ نینك قولیدین خلاص قیلینکلار (دیدیم مو)؟. منکا اور
کاتینکلار و من شوك توراي و نمه ده ازیقیب ایکانمن
٢٥ منکا بیلدورونکلار .. راستلیق نینك سوزلاری قایداغ
قوّتلیك دورلار! امّا سیزنینك ایتیشماقینکیز نمه عتاب
٢٦ قیلور. اُمیدسز نینك سوز قیلیشی شمالدیك ایکانی نی
کوروب سوزلار بیلان عتاب قیلماقلی خیالینکیز بارمو؟
٢٧ آری سیز یتیم نینك اوستیکا قرعه سالیب دوستونکیز نینك
٢٨ بهاسی نی کیلاشور ایردینکیز. پس اعدی التفات قیلیب
منکا قاپلانکلار چونکه بدرستی یوزونکیز کا قاپلاب یالغان

٢٩ ايماعن. سيزلاركا التماس قيلورمن يانينكلار هيچ ناحقليق
بولماسون. آرى ينه يانينكلار چونكه منينك دعوايم حق
٣٠ دور. منينك تيليمده ناحقليق بارمو؟ (تامغاقيم) بوزوق
نرسه‌لارنى فرق قيلالماسمو؟

## يتنجى باب

١ يريوزيده آدم اوچون سپاه كرچيليك ايماسمو؟ و انينك
٢ كونلارى بر مردكارنينك كونلاريديك ايماسمو؟ سايه‌كا
چونك آرزو قيليب تورغان قلديك اوز كونلوكيكا انتظار
٣ تورغان بر مردكارديك. شونداغ من عبث نينك آى لاريغه
٤ ايكا قيليندم و زحمتليك كيچه‌لار منكا تعين بولدى. ياتار
وقتيمدا ايتورمن: قچان قوپارمن؟ امّا كيچه اوزون دور و
٥ تانكاتقونچه بى آراميقدين تولارمن. اَتيم قورت و توپا
قاقاچلار بيلان كيدورولكان دور. ترم ايتيليب ينه يريليب
٦ كتار. كونلاريم بافكارنينك موكاسيدين ايتيكراك دورلار
٧ و اُميدسز اوتوب كتارلار. عمروم بر شمال بولغانى نى
٨ ياد قيلغيل. كوزوم ينه يخشيليق كورمايدور. منى كورا
دورغان كشى نينك كوزى ينه هيچ وقت منكا نظر سالماس.
سنينك كوزونك منكا ترشوب توراردا من يوق بولور

٩ من. بُلوت يوقاليب يتيب كتكانديك شونداغ كورغه
١٠ توشكان آدم هيچ يانيب چيقماس. اوز اويكا هيچ
١١ يانماس و يا اينينك جايي انی ينه بيلماس. اينينك اوچون
اغزيمنی توسماى روحومنينك تنكليكيده سوز قيليب
١٢ جان اچيغيمدا دادلاى. من دريا مو آيا بر نهنك مو كه
١٣ سن منينك اوستومده قاراول توختاتورسن؟. اورانيم
١٤ منكا تسلّی برادور كورپهم داديمنی ينككوتادور ديسام. منی
توشلار برله قورقاتيب رؤيالار برله منی خوف قيلور
١٥ سن. شونداغكه جانيم. بوغولماقنی و بو سونكاكلاريم
١٦ دين ايلكاری اولومنی ايلغايدور. عمرومدين نفرت
قيلورمن هميشه تيريك تورماس ايرديم؛ منی قويغيل چونكه
١٧ كونلاريم عبث دورلار. آدم نه دوركه سن انی اولوغ
١٨ لاندوروب كونكلونكنی انكا مشغول قيليب. هر ايرته
١٩ كانده انی يوقلاب هردمده انی امتحان قيلورسن؟. قچان
كوزونكنی مندين كوتاريب دميمنی الغالی قويارسن؟.
٢٠ ای سن آدملارنينك قاراولچيسی من كناه قيلغان
بولسام سنكا نه قيلالايمن؟ نه ايشقه اوزونككا منی نشانه
٢١ قويوب سن شونداغكه من اوزومكا يوك بولورمن؟. و
نه ايشقه عصيانيمنی عفو قيليب بوزوغلوقومنی يوتكا

مایسن؟ چونکه ایمدی تفراققه توشوب یاتامن و سن منی
دقّت بیلان ایستارسن امّا من یوق بولورمن.

## (سکزنجی باب)

اول وقت شوحلوق بلداد سوز قیلیب ایتی: ۱
نه وقتغچه بو نرسه‌لارنی سوزلارسن؟ و نه وقتغچه ۲
اغزینک نینک سوزلاری قاتیق شمالدیک بولورلار؟ خدا ۳
حکمنی بوزارمو؟ آیا قادر مطلق عدالتنی بوزارمو؟ اگر ۴
بلالارینک انکا گناه قیلغان بولسه‌لار و اول اولارنی
عصیانی نینک قولیغه تاپشورغان بولسه. سن دقّت برله ۵
خدانی ایستاب قادر مطلققه نیازینکنی کلتوروب. پاک ۶
و راست بولسه ایردینک البتّه سنینک اوچون ایمدی
اویغانیب عدالتینک نینک خوش مأوای طیّار قیلور ایردی.
و ابتداینک کچیک بولغانی برله آخرینک تولا زیاده ۷
بولور ایردی. چونکه التماس قیلورمن قدیم زماندین ۸
سوارب اولارنینک اتالاری نینک تحقیقلاب تاپغانیغه
اوزونکنی صرف ذهن بیلان تاپشورغیل. — چونکه ۹
بیز تونه کون نینک کی بولوب هیچ نرسه بیلمایمیز و کون
لاریمیز یرده بر سایه‌دیک دورلار — اولار سنکا تعلیم ۱۰

بریب ایتماسمو و کونکل لاریدین سوزلار چیقارمامدور
١١ لار؟ زیلیك بولماسه قموش اوسالامدور سو بولماسه
١٢ ییکان چیقالامدور؟ کوکلو کیده تخی تورارداو کسماسده
١٣ باشقه کیاه لاردین ایلکاری اول سولاشور. خدانی اونو
تادورغانلار نینك همه‌سی نینك یول لاری شوندغ دورلار
١٤ و خداسز آدم نینك اُمیدی یوقالور. اینینك اعتمادی کسیلور
١٥ و توکّلی اورموچوك نینك توری‌دور. اوز اوییکا یونالور
١٦ امّا اول تورماس انکا اسیلور امّا اول توختاماس. افتابدا
کوك‌دور و اینینك نوته‌لاری باغیدا کوکلاب چیقار
١٧ لار. اینینك ییلدیزلاری دوبه چوره‌سیده کیریشمه بولوب
١٨ تاشلارنینك اراسیدین چیقارلار. اول اوز اورنیدین
یولونسه اول وقت اینینکدین تانیب: من سنی کورکان
١٩ ایماسمن دیب ایتور. منا بو اینینك یولی نینك خرسند
٢٠ لیکی دور و تفراقدین باشقه‌لار اونوب چیقارلار. منا
خدا کامل آدم نی تاشلاماس و یمان قیلغوچیلارنی یولاماس.
٢١ اغزینك نی کولوشدین و لب‌لارینك نی خوش آوازدین
٢٢ تولدورادور. سنی یمان کورکوچیلار اوبات کیدورولور
فاسق‌لارنینك چادری قالمای یوق بولور.

## توقوزونجی باب

اول وقت ایّوب سوز قیلیب ایتی: ۱
حقیقتاً شونداغ بولغانی نی بیلورمن امّا انسان خدانینک ۲
الدیدا قایداغ صادق بولالور؟ اراده قیلیب انینک بیلان ۳
ایتیشیب مینکدین بری انکا جواب برالماس. کونکلیده ٤
حکیم‌دور و قوّت‌ده عظیم‌دور. کیم انینک ضدّیدا اوزینی
قاتیق قیلیب سعادتلیك بولوب‌دور؟ اول که تاغلارنی ٥
یوتکایدور و غضبیدا اولارنی اؤروب تاشلاغاندا اولار
بیلماسلار. اول که دنیانی اوز یریدین تبراتور و انینک ٦
توبروکلاری تیترارلار. اول که کون‌نی امر قیلور و ۷
اول چیقماس و یولدوزلارنی مُهرلاب قویادور. اول که ۸
آسمانلارنی یاییب اچادور و دریانینک دولقونلاری نینک
اوستیده مانکار. اول که نعش‌نی و ترازو یولدوزنی و ۹
هوکه یولدوزنی و جنوبداکی یولدوزلارنینک خزانه‌لارینی
قیلور. اول که تحقیق قیلینمایدورغان اولوغ ایشلار آری ۱۰
عددسز عجایب ایشلارنی قیلور. منا اول مندین اوتار و ۱۱
من انی کورمایمن. اول هم کتیب بارور امّا من انی
طویمایمن. منا اول صیدنی توتار؛ کیم انی توسالایدور؟ ۱۲

۱۳ کیم انکا : نه قیلاسن دیب ایتور؟. خدا غضبی نی یاندور
مایدور رهاب نینک یاری برکوچیلاری انینک تکیده
۱۴ اوزینی ایکدیلار. من قایداغ انکا جواب برکایمن وانینک
۱۵ بیلان سوزلاشکالی سوزلاریم نی ایلغاغایمن؟. هم عادل
بولسه ایردیم ینه انکا جواب برماس ایردیم منکا حکم
۱۶ قیلغوچیغه نیاز کلتورور ایردیم. اکر من چقیرغان بولسام
و اول منینککی نی اجابت قیلغان بولسه هم ینه آوازیم غه
۱۷ قولاق سالغانیغه ایشانماس ایردیم. چونکه قویون برله
منی سیندوروب سببسز جراحت لاریم نی غول لاندورور.
۱۸ اول دمیم نی الغالی قویمایدور بلکه منی غصّه برله تولدو
۱۹ رور. عظیم نینک کوچی بولسه منا اول حاضر دور و
۲۰ حکم بارهسیده کیم منکا بر وقت تعین قیلور؟. عادل
بولغانیم برله ینه اوز اغزیم منی حکم قیلور. راست
۲۱ بولغانیم برله اول منی بوزوق کورساتور. امّا راست
دورمن. اوزوم کا خاطر قیلمایمن حیاتیم نی تحقیر قیلورمن.
۲۲ همه سی اوخشاش. انینک اوچون ایتورمن: اول فاسق
۲۳ برله راست نی هلاک قیلور. اکر بلاء بی خبر اورسه
۲۴ اول بی گناه نینک امتحانیغه زانکلا قیلور. یر فاسق
لار نینک قولیغه تاپشورولغان دور. انینک حاکم لاری نینک

۲۵ یوزلارینی اول یاپادور. اول بولماسه کیم دور؟ ایمدی
منینك كونلاریم بر اورتانكچیدین چیرراق دور. اولار
۲۶ قاچیب کتیب هیچ یخشیلیق كورماسلار. اولار ایتیك
کمه‌لاردیك اوتوب بارورلار آوغه اوزینی اتقان قرا
۲۷ قوشقه اوخشه. دادیم‌نی اونوتای سارغارغان چیرایم‌نی
۲۸ اونکلاب سویونای دیسام همه غمیم‌دین قورقارمن. سن
۲۹ منی بی گناه توتمایدورغانینك‌نی بیلورمن. من حکم
۳۰ قیلینورمن؛ اندین نه اوچون عبث ایشلایمن؟ اوزوم‌نی
قارنینك سویی برله یوب قوللاریم‌نی شخار سویی برله
۳۱ پاکیزه قیلسام. ینه سن منی چوقورغه یقیتورسن و اوز
۳۲ ایکین‌لاریم منی نفرت قیلورلار. چونکه اول منکا اوخشه
بر انسان ایماس که انکا جواب برور ایردیم که بیز بیله
۳۳ حکم قیلیشور ایردوك. بیزنینك ارامیزدا آیریغوچی یوق
۳۴ دورکه ایکیمیزکا قولی‌نی قویغای. تیاقی‌نی مندین یاندور
۳۵ سون اندینك خوفی منی قورقاتماسون. اول وقت اندینکدین
قورقمای سوزلایمن چونکه اوز اوزومده شونداغ ایماس من.

## اونونجی باب

۱ جانیم عمرومدین بیزار دور. دادیم‌نی آزاد قویوب

۲ برای. جان اچیغیمدا سوزلای. خداغه ایتای: منکا
حکم قیلماغیل. نه اوچون منینک برله داعوالاشورسن
۳ منکا کورساتکیل. ظلم قیلغالی سنکا لایق موکه قول
لارینک‌نینک ایشی‌نی تحقیر قیلیب فاسق‌لارنینک
۴ مصلحتی اوستیکا نورونک‌نی یاروتورسن؟ جسمانی کوز
لار سنده بارمو؟ و یا آدم کورکاندیک کورورسن مو؟
۵ سنینک کونلارینک آدم‌نینک کونلاریدیک مو؟ و یا سنینک
۶ یل‌لارینک انسان کونلاریدیک مو؟ که سن منینک
۷ بوزوغلوقومدین سوراب گناهیم‌نی ایستارسن. هر چند
من فاسق اعماس ایکانیم‌نی سن بیلورسن و سنینک قو
۸ لونکدین قوتقازالایدورغان کمرسه یوق دور. سنینک
قول‌لارینک هر طرفدین منی ترتیب بریب یاساغان‌دور
۹ لار. ینه سن منی هلاک قیلورسن. سنکا یالبارور من
یادینکغه کلتورکیل که منی سغیزدیک یاساب دورسن.
۱۰ منی ینه تفراققه یاندورور موسن؟ منی سوتدیک توکوب
۱۱ قویوب منی پنیردیک پیشلاق قیلمادینک مو؟ سن تره
و اَت بیلان منکا کیدوروب سونکاک‌لار و پَی‌لار
۱۲ بیلان منی یاپیشتوروب توقوب سن. سن منکا عمر
بیلان التفات بریب سن پرورش قیلیشینک روحوم‌نی

۱۳ ساقلاب دور.* ینه بو نرسه‌لارنی کونکلونکده یاشوروب
۱٤ سن. من بیلورمن که بو سنینک حضورونکدا دور.* کناه
۱٥ قیلسام سن طویاسن و بوزوغلوقومنی ابرا قیلمایسن. فاسق
بولسام وای منکا! و عادل بولسام ینه باشیمنی کوتار
۱٦ مایمن. خجالت برله تولوب زحمتیمکا قارایلار ایردیم.* و باشیمنی
کوتارسام سن بر شیردیک منی قوغلارسن و ینه منینک
۱۷ توپه‌مده اوزونکنی عجایب کورساتورسن.* منینک ضدّیمدا
کواه‌لارینکنی ینکیلاب منینک اوستومده خفه
لیقینکنی زیاده قیلورسن. تکیشماکایکلار و جنک منینک
۱۸ برله دور.* پس نیمه اوچون منی رحمدین چیقاریب دور
سن؟ روحومنی تاپشوروب ایردیم و هیچ کوز منی کور
۱۹ ماکان ایردی.* بار بولماغاندیک بولور ایردیم. کورغه
۲۰ کوتاریلور ایردیم.* کونلاریم آز ایماسمو؟ مونینک اوچون
۲۱ توختاب منی قویغیل تاکه من آزغنه تسلّی تاپقایمن. من
یانماس یرکا قرانکغولوق نینک و اولوم سایه‌سی نینک
۲۲ یورتیغه بارماسدین ایلکاری. ظلمات‌غه اوخشاش قپ
قرانکغولوق نینک یورتی هیچ ترتیبی یوق اولوم سایه‌سی
نینک یورتی که اندا یاروغلوق قرانکغولوقدیک بولور.

## اون برنجی باب

١ اول وقت نعماتلیق صوفر سوز قیلیب ایتی:
٢ سوزلارنینك زیادەلیكیكا جواب بریلماكای مو؟ و یا
٣ یوغان سوزلوك بر آدم تصدیق قیلینغای مو؟٭ سنینك لاف
ایتقانینك آدملارنی شوك قیلغای مو؟ و سن زانكلا قیلغاندا
٤ هیچ کشی سنی شرمنده قیلماسمو؟٭ چونكه منینك تعلیمیم
٥ پاك‌دور و نظرینكده پاكیزه دورمن دیب ایتورسن٭ امّا
كاشكه خدا سوز قیلیب سنینك ضدّینكدا لب‌لارینی
٦ اچقای٭ وكه اول حكمت‌نینك اسرارینی سنكا آشكارا
قیلغای كه كارغه كلادورغان ایشدا قات بقات‌دور! مونینك
اوچون بیلكیل كه خدا سنینك بوزوغلوقونكغه لایق
٧ بولغانیدین كم سندین طلب قیلور٭ ایستاماك بیلان خدانی
اویلاب چیقارالامسن؟ قادر مطلق‌نینك كامل ایكی نی اویلا
٨ یالامسن؟٭ آسماندیك ایكیزدور. سن نمه قیلالایسن؟ كور
٩ دین چوقوراق دور. سن نمه بیلالایسن؟٭ انینك مقداری
١٠ یردین اوزوناق و تنكیزدین كنكراك‌دور.٭ اول اوتوب
بارسه و سولاب قویسه و یا حكم كا چقیرسه كیم انی
١١ توسالایدور؟٭ چونكه بیهوده آدملارنی اول بیلور. ایستا

ماکانی برله هم خطانی کورادور .. امّا بیهوده آدم عقلدین ١٢
خالی دور. آری آدم قولان تاییدیك توغولغاندور ..
کونکلونك نی راست اونکلاسانك و قوللارینك نی ایینك ١٣
طرفیکا اوزاتسانك. قولونکدا خطا بار بولسه یراق چیقا ١٤
ریب قویغل و چادرلارینکدا ظالم نی تورغوزماسانك. یقیناً ١٥
یوزونك نی داغ سز کوتارورسن. آری سن مقرّر توروب
قورقمایسن .. چونکه بیچاره لیکینك نی اونوتوب اقیب ١٦
کتکان سودیك انی یاد قیلورسن .. و عمرونك توش ١٧
وقتیدین اوچوغراق بولور قرانکغولوق بولغانی برله ایرته
کاندیك بولادور .. و سن امان بولورسن چونکه اُمید باردور. ١٨
آری چورونك نی اقتاریب اعتماد بیلان آرام الورسن .. هم ١٩
یاتارسن و هیچ کیم سنی قورقاتماس. آری تولالار
سنکا عرض قیلورلار .. امّا فاسقلارینك کوزلاری ٢٠
عاجز بولورلار و اولارنینك قاچادورغان یولی یوق و
اولارنینك اُمیدی روح نی تاپشورماق بولور.

## اون ایکنجی باب

اول وقت ایوب سوز قیلیب ایتی: ١
البتّه اصل خلق سیز دور سیز و حکمت سیزلار برله ٢

۳ اولادور. امّا سیزداکی دیك منده هم عقل باردور؛ من
سیزدین پست ایماسمن. آری مونینك دیك نرسه‌لارنی
۴ کیم بیلماس؟. اوز همسایه‌سیکا زانك بولغان بر کشیدیك
دورمن خداغه دعوت قیلغاندا انینکدین اجابت تاپغان
۵ کمرسه عادل و راست کشی زانك بولور. راحتلیکده تورغان
نینك خیالیدا حادثه یینیك کورونور پوت تَیلاکوچیلارکا
۶ طیّار دور. بولانچیلارنینك چادرلاری سعادتلیك دور
لار و اوز تنکریسی‌نی قولیدا الیب کلکانلار خدانی
۷ غضبغه کلتورکوچیلار امان بولورلار. امّا ایمدی حیوانلار
دین سورغیل اولار سنکا تعلیم برورلار و هواداکی
۸ اوچارلیقلاردین و اولار سنکا ایتیب برورلار. و یا
یرکا سوزلا کیل اول سنکا تعلیم برور و یا دریاداکی بلیق
۹ لار سنکا بیان قیلیب برورلار. مونینك همه‌سیدین کیم
۱۰ بیلمایدورکه خداوندنینك قولی مونی قیلیبدور؟. هر
تیریك نرسه‌نینك جانی و همه بشرنینك نفسی انینك
۱۱ قولیدا دور. تامغاق طعامی‌نی تاتیغاندیك قولاق سوز
۱۲ لارنی سینامامدور؟. قری سال آدم برله حکمت باردور و
۱۳ کونلارنینك زیاده‌لیکیده بیلماکلیك. انینك برله حکمت و
۱۴ قوّت باردور. مصلحت و بیلماکلیك انینکدادور. منا

اول یقیتور ینه بنا قیلینالمایدور. اول کشی سولایدور و
اندا اچماغلیق ممکن ایماس.. منا اول سولارنی توختاتادور ۱۵
و اولار قوروب کتادورلار ینه اول اولارنی قویوب
برور و اولار یرنی اؤرایدورلار.. انینک برله کوچ و ۱۶
حاصل عمل باردور. ازغان و ازغوچی انینککی دورلار..
اول محکمه اعضالارینی سوراب یلانکغاچ اپارور و حاکیم ۱۷
لارنی احمق قیلور.. اول پادشاهلارنینک (زورلوق) ۱۸
بندینی بوشاتور و اولارنینک بللارینی بلباغی برله
باغلار.. اول کاهنلارنی سوراب یلانکغاچ اپاریب ۱۹
کوچلوقلارنی یقیتور.. اول چونپوتکوچیلارنینک ۲۰
کبی نی یوتکایدور و آقسقاللارنینک بیلماکلیکی نی الیب
اتادور.. اول اصل زادهلارنینک اوستیده حقارت توکوب ۲۱
قویوب قوّتلیکلارنینک کمرینی بوشاتور.. اول قرانکغو ۲۲
لوقدین چوقور نرسهلارنی تاپار و اولوم سایهسینی
نورغه چیقارور.. اول قوملارنی غولداتیب یوقاتور ۲۳
اولارنی تاشقاری ساچیب یغیب ایچکاری الور.. اول ۲۴
یورت خلقینینک چونکلارینینک کونکلی
نی چیقاریب اتادورو یولی یوق چولده اولارنی یور
دورور.. اولار نورسز قرانکغودا تمتالایدورلار ۲۵

و اول اولارنی مست کشیدیك دو كوجتورور.

## اون اوچونجی باب

١ منا منینك كوزوم بو همه‌سی‌نی كوروب دور؛
٢ قولاقیم انی انكلاب اوقوب‌دور. سیز بیلکان‌نی من هم
٣ بیلورمن؛ من سیزدین پست ایماسمن. بدرستیكه قادر
مطلقغه سوز قیلغای ایردیم و خدا برله ایتیشقوم بار.
٤ امّا سیز یالغان یاساغوچیلار دورسیز آری همه‌نك‌لار
٥ بی فائده طبیب‌لار دورسیزلار. كاشكه تمام شوك بولغای
٦ ایردینكیز! و بو حكمتینكیز بولور ایردی. مباحثه‌م‌نی
ایمدی انكلانكلار و لب‌لاریم‌نینك اوچوریغه قولاق
٧ سالینكلار. خدا اوچون ناحقلیق برله سوز قیلیب انینك
٨ اوچون حیله كپ قیلورمو سیزلار؟ انكا یوز خاطر
٩ قیلیب خدا اوچون ایتیشورمو سیز؟ اول سیزلار برله
تفتیش قیلغاندا یخشی بولورمو؟ آیا كشی آدم‌نی الدا
١٠ غاندیك انی الدارسیزمو؟ اكر سیز یاشورونده یوز
خاطر قیلسانكیز بدرستی اول سیزلارنی عتاب قیلور.
١١ انینك فضیلتی سیزنی قورقاتمامدور؟ و انینك دهشتی
١٢ اوستونكیزكا توشمامدور؟ یاد قیلغولوق سوزلارینكیز

کوُل نینك ضرب مثل لاری دور؛ محافظه لارینکیز لای
١٣ سفیل لاری دور. شوك توروب منی قویونکلار تاکه
١٤ من سوزلاکایمن. نه واقع بولسه اوستوم کا کلکای. نه
اوچون آتیم نی تیشلاریم برله الیب جانیم نی قولومدا
١٥ الغای ایردیم؟ اول منی اورغانی برله ینه انکا انتظار
بولورمن. نه بولسه یوللاریم نی اینینك الدیدا کاتو
١٦ رورمن؟ بو هم نجاتیم بولور چونکه خداسز بر آدم اینینك
١٧ الدیغه چیقمایدور. سوزلاکانیم نی جهد برله انکلانکلار
١٨ و اثباتیم قولاقلارینکیزدا بولغای. منا دعوایم نی
١٩ راستلاب دورمن؛ بیلورمن که عادل دورمن. منینك برله
ایتیشیب جواب بر کوچی کیم دور؟ چونکه ایمدی شوك
٢٠ توروب رحوم نی تاپشورامن. نهایت ایکی نرسه نی منکا
قیلماغیل؛ اول وقت سنینك یوزونکدین اوزوم نی یاشور
٢١ مایمن: قولونك نی مندین یراق تارتقیل و خوفونك نی
٢٢ منی قورقاتقالی قویماغیل. اندین سن چقیرغیل و من
جواب برای و یا منی سوزلاکالی قویغیل و سن منکا
٢٣ جواب برکایسن. بوزوغلوقلاریم و کناهلاریم نچه دور؟
٢٤ عصیانیم نی و کناهیم نی منکا بیلدورکیل. یوزونك نی
٢٥ نه اوچون یاشوروب منی دوشمنینك بیلورسن؟ شمالدین

اوچورولغان یاپراق نی جبر قیلغای موسن؟ قوروق انکیز نی
٢٦ قوغلار مو سن؟ چونکه منینك ضدّیمدا اچیق نرسه لارنی
پتورسن؛ یاشلیقیم نینك بوزوغلوق لاریغه منی وارث قیلور
٢٧ سن. هم پوت لاریم نی کوتککا سالیب همه یول لاریم نی
پایلاب تورورسن. پوت لاریم نینك الاقانلاری چوره
٢٨ سیدین اوزونککا چیجیق تارتارسن. اول یلیب تورغان
پور نرسه دیك کویه یکان ایکیندیك دور.

## اون تورتونچی باب

١ خاتوندین توغولغان آدم بی آراملیق بیلان تولوب
٢ برنچه کون عمر کورادور. چیچکدیك چیقیب کسیلور
٣ هم بر سایه دیك قاچیب توختاماس. انداغ نرسه نینك
اوستیده کوزونك نی اچیب منی اوزونك برله حکومکا کلتو
٤ رورموسن. ناپاکدین پاك نرسه نی کیم چیقارالایدور؟ هیچ کیم.
٥ اینینك کونلاری تقدیر قیلینور آی لاری نینك عددی سنینك
برله ایکانی نی کورکانده اول اوتالماکودیك سن اینینك
٦ حدودلارینی تعین قیلغاندین کین. اینکدین نظرینك نی
یاندورغیل تاکه اول آرام تاپغای اوز کونی نی بر مردکار
٧ دیك تمام قیلغونچه. چونکه بر درخت اوچون اکر

کسیلسه امید بارکه ینه کوکلار و که ینکیچکا شاخلاری
٨ توکاماس. انینک ییلدیزی یرده کهنه لغانی و کوتکی تفراقدا
٩ اولکانی برلان. ینه سونینک نمی برله چیچکلاب کوچتدیک
١٠ شاخ چیقارور. امّا انسان اولوب ضایع بولور. آری آدم
١١ روحنی تاپشوروب نه یرده دور؟ کولدین سو اقیب
١٢ کتکاندیک و دریا کمیب قوروب کتکاندیک. آدم شوبداغ
یاتیب قوپماس. آسمانلار یوق بولماغونچه اولار اویغانماسلار
١٣ و یا اویقولاریدین قوپاریلماسلار. کاشکه سن منی کوردا
یاشوروب سنینک اچیغینک یانغونچه منی پنهاندا ساقلاب
منینک اوچون مخصوص بر وقت تعین قیلیب منی یاد قیلغای
١٤ ایردینک. آدم اولسه ینه تیریلورمو؟ سپاکرچیلیکیم نینک
همه کونلاریده آزادلیقیم کالکونچه ساقلاب تورور ایردیم.
١٥ سن چقیرور ایردینک و من سنکا جواب برور ایردیم.
١٦ قوللارینک نینک عملینی ساغینور ایردینک. امّا ایمدی سن
قدملاریمنی سانارسن. کناهیم نینک اوستیکا پایلاماسمو
١٧ سن؟ منینک عصیانیم بر خالته‌دا مهرلانیب دور و
١٨ بوزوقلوقومنی بر کتیب قویوب دورسن. و بدرستی تاغ
یقیلیب اوپراب کتار و قورام اوز جاییدین یوتکالور.
١٩ سولار تاشلارنی اویارلار و انینک سیللاری یرنینک

توپاسی نی سوروب کتارلار؛ و سن آدم نینك اُمیدینی بوزار
۲۰ سن. دائم انکا غالب کلورسن و اول اوتوب کتار. اینینك
۲۱ چراینی تبدیل قیلیب انی چیقاروسن. اینینك اوغول
لاری عزیزلیققه یتارلار و اول انی بیلماس اولار پست کا
۲۲ یقیلورلار امّا اول اولاردین انی طویماس. امّا اینینك آتی
اینینکده درد تارتار و اینینك جانی ایچیده غم یدور.

## اون بشنجی باب

۱ اول وقت تیمانلیق الیفز سوز قیلیب ایتی:
۲ دانا بر آدم هوا نینك بیلماکایکی بیلان جواب بریب اوز
۳ قورساقی نی مشرق شمالی برله تولدورغای مو؟ بی فائده کپ
بیلان و یا هیچ بخشیلیق کلتورالمایدورغان سوز قیلماقی برله
٤ اول ایتیشقای مو؟ آری سن قورقونچ نی یوقاتیب خدانینك
٥ الدیدا عبادت نی کمیتورسن. چونکه بوزوغلوقونك اغزینك
٦ نی اورکاتور و حیله کرنینك تیلی نی ایلغارسن. اوز اغزینك
سنی حکم قیلور امّا من ایماس. آری اوز لبلارینك
۷ سنینك ضدینکدا شهادت برور. اوّلقی توغولغان آدم
سن مو سن؟ آیا دوبه لاردین ایلکاری سن چیقاریلغان مو؟
۸ سن خدانینك پنهان مصلحتی نی انکلاب مو سن؟ و اوزونکا

٩ حکمت نی تارتیب الورموسن؟. سن بیز بیلماکان نی نمه بیلور
١٠ سن؟ بیزده بار ایماسدین سن نمه اوقارسن؟. بیزنینك ارا
میزدا هم اقسقال هم قری سال بار دور سنینك اتانکدین
١١ قریراق. خدانینك تسلّی سی و سنینك برله قیلغان یومشاق
١٢ سوز سنکا کچیك کورونورمو؟. کونکلونك نمه اوچون
١٣ سنی الیب بارور؟ و کوزونك نمه ایشقه چمیلدایدور؟. که
روحونك نی خدانینك ضدیغه یاندوروب اغزینکدین
١٤ شونداغ سوزلارنی تاشلاب اتاسن؟. آدم نمه دورکه اول
١٥ پاك بولغای و خاتوندین توغولغان که اول عادل بولغای؟. منا
اول اوز مقدّسلاریکا پوتمایدور. آری آسمانلار انینك
١٦ نظریده پاك ایماس. قانچه کم کمرسه که مکروه و بوزوق
١٧ دور؛ سودیك خطانی ایچادورغان بر آدم!. من سنکا کورسا
تای سن منی انکلاغیل و من کورکان نرسه نی بیان قیلای:.
١٨ (دانا آدملار یاشورمای اتالاریدین کلتوروب بر کان.
١٩ که خاص اولارغه یورت بریلکان ایردی و اولارنینك
٢٠ اراسیغه هیچ بیکانه کیرمادی). زورکر اوچون تعینلاغان
یل لارنینك عددی و هم فاسیق آدم همه کونلاریده درد
٢١ بیلان تولغاق تارتار. خوف لارنینك اونی انینك قولاقیدا
دور؛ سعادتلیکده بوزغوچی انینك اوستیکا کلور.

٢٢ قرانکغولوقدین یانیب چیقماغلیققه ایشانمایدور و قلیچ
٢٣ انکا طیّاردور. نان اوچون اول بیکانهلیکده یوروب نه
یرده دور دیب ایتور. قرانکغولوق نینک کونی قولیدا
٢٤ حاضر ایکانی نی بیلور. تنکلیك و تارلیق انی قورقاتور؛ سو
٢٥ قاشته طیّار پادشاهدیك اولار انکا غالب بولورلار؛ چونکه
اول خدانینک ضدیغه قولی نی اوزاتیب قادر مطلق نینک
٢٦ ضدیدا تکبّرلوك قیلور. اول قاتیق بویونلوق سپرلاری
٢٧ نینک قُبّهلاری بیلان انکا یوکورور؛ چونکه اول سمیزلیکی
٢٨ برله یوزینی یاپیب بقینلاریدا یاغ یغیب دور. اول ویران
شهرلارده هیچ آدم تورمایدورغان و دوبه بولغالی طیّار
٢٩ تورغان اویلارده اولتوروب دور. اول بای بولماس و
٣٠ اینینک دولتی باقی قالماس و حاصلی یرکا ایکیلماس. اول
قرانکغولوقدین چیقماس اوت یالقینی اینینک شاخلارینی
٣١ قوروتور و اوزی اغیز نَفسی برله هلاك بولور. اوزینی
الداب عبثکا پوتکالی انی قویماغیل چونکه عبث اینینک مکا
٣٢ فاتی بولور. اینینک وقتی پوتماسده تمام بولور و اینینک
٣٣ شاخی کوکارمایدور. اول غوراب اوزومی نی تال
توککاندیك توکار چیچکی نی زیتون درختی تاشلاغاندیك
٣٤ تاشلار. خداسز آدم نینک اویی توغماس بولور و پارا

۳۵ عاکلیک نینک چادرینی اوت یوقاتور. آفت کا حامله
بولوب خطانی توغار و اولارنینک قورساقی حیله
راستلایدور.

## اون التنجی باب

۱ اول وقت ایّوب سوز قیلیب ایتی:
۲ شونداغ نرسه لارنی تولا انکلاب دورمن. سیزلار
۳ همه نکیز بیچاره تسلّی برکوچیلار دورسیزلار. هوا سوز
لاری نینک ایاغی بولماسمو؟ و یا نمه سنی قزیقتورورکه جواب
۴ برورسن؟ من هم سیزدیک سوز قیلالور ایردیم؛ سیزنینک
جانینکیز منینک جایم نینک اورنیدا بولغای ایردی! اول وقت
سیزنینک ضدینکیزغه سوز چاپلاشتوروب باشیمنی سیزلارکا
۵ لنکشیتورالور ایردیم. اغزیم بیلان سیزلارنی قوّتلاندورور
ایردیم و لبلاریم نینک ایچ اغریقی برله سیزلارکا یینیک
۶ قیلور ایردیم. سوزلاکانیم بیلان دردیم ینکومایدور. تحمّل
۷ قیلغانیم بیلان منکا نمه آسان بولور؟ امّا امدی اول منی هاردو
۸ روب دور؛ تمام اویومنی ویران قیلدوروب سن. و سن منی
چینک توتقانینک منینک ضدیمغه کواهلیق بولور و عاجزلیقیم
۹ منینک ضدیمغه قوپوب یوز کورمای شهادت برور. غضبیدا

اول منی یرتیب منکا ظلم یتکوزوب دور؛ اول منکا تیشی نی
غچیرلاتیب دور و دوشمنیم کوزینی منکا ایتیك قیلور.
۱۰ اولار منینك اوستومده اغیزلارینی اچیب حقارت بیلان
کچاتیمغه اوروب دورلار. منینك ضدیمغه اولار یوغلا
۱۱ شورلار. خدا منی خداسزکا تاپشوروب فاسقنینك قول
۱۲ لاریغه تاشلار. تنجلیقدا ایردیم و اول منی سیندوردی.
آری اول منی بوینومدین توتوب پارچەلاب اتیب دور؛ هم
۱۳ اوزیکا منی نشانه تیکلاب دور. انینك اوق اتغوچیلاری
منینك چورەمنی احاطه قیلورلار؛ اول بورکلاریمنی
ایامای تشیب پاره قیلور؛ اُتیمنی یرکا توکوب اتادور.
۱٤ اول زخم اوستیکا زخم بیلان منی سیندورور؛ منینك
۱۵ اوستومکا پهلواندیك یوکورور. آتیمنینك اوستیده
پلاس تیکیب دورمن و مونکوزومنی تفراققه قویوب
۱٦ دورمن. یوزوم یغلاماقدین قزیل دور و کوز قپاقلاریمدا
۱۷ اولومنینك سایەسی بار؛ اکرچه قوللاریمدا زورلوق
۱۸ یوق دور و منینك دعایم پاك دور. ای یر قانیمنی
۱۹ یاپماغیل و نالەمکا جای برماکیل. هم ایمدی منا کواهیم
۲۰ آسماندا دور و شاهدیم علییندە دور. دوستلاریم
منی مسخره قیلورلار امّا کوزوم خدا طرفیکا یاش اقیتور.

٢١ تاكه اول خدا برله آدم نینك و همسایه‌سی برله آدم اوغلی
٢٢ نینك حقی نی اثبات قیلغای! چونكه ازغنه یل‌لار كایب
بولغاندا من یانماس یولغه بارورمن.

## اون يتنجى باب

١ روحوم خراب دور كونلاریم اوتوب دورلار كور
٢ منكا طیّار دور. یقیناً منینك برله زانكلا قیلغوچیلار
بار و كوزوم اولارنینك اچیغلیقیغه قاراب تورور.
٣ اعدی كفالت بریب اوز الدینكدا منكا بورون بولغیل.
٤ منینك برله قول‌لاشقالی كیم باردور؟ چونكه سن اولار
نینك كونكل‌لارینی عقلدین یاشوروب سن؛ انینك اوچون
٥ اولارنی اورلاتمایسن. اوز دوست‌لارینی اولجا قیلیب
تاپشورغان كمرسه بولسه انینك بالالاری نینك كوز
٦ لاری عاجز بولورلار. اول منی خلق نینك تمثیل سوزی
هم قیلیب دور و اولار یوزیكا توكورادورغان
٧ كمرسه من دورمن. كوزوم هم غمم سببیدین غبار دور و
٨ هم اعضالاریم بر سایه‌دیك دورلار. راست كشیلار
مونكا حیران بولورلار و بی كناه كمرسه خداسز نینك ضدیغه
٩ اوزینی قوپارور. امّا عادل اوز یولی نی توتار و قولی پاك

١٠ کمرسه بارابارا قوتّلانور. امّا همه نکیز یانیب ایعدی کالینکلار
١١ و ارانکیزدا دانا بر کشی تاپماین. کونلاریم اوتوب دور
لار نیتلاریم اوزولوب کتکان هم کونکلومنینک خیال
١٢ لاری. کیچه‌نی کوندوز قیلورلار یاروغلوق قرانکغولوققه
١٣ یقین ایکان دیرلار. کور اویوم ایکان دیب اویلاسام
١٤ قرانکغولوقدا کورپه‌منی سالیب بولسام. چاه‌غه اتام‌دور
١٥ سن قورتغه انام همشیره‌م دیکان بولسام. اول وقت
اُمیدیم نه یرده؟ و اُمیدیم بولسه کیم انی کورا
١٦ دور؟ تفراقدا آخر آرام بولغاندا کورنینک لانکقارلاریغه
توشوب بارادور.

## اون سکزنجی باب

١ اول وقت شوحلوق بلداد سوز قیلیب ایتی:
٢ نه وقتغچه سوز اوچون سیتمه‌لار قویورسیز؟ خیال
٣ قیلینکلار و اندین کین سوزلاشالی. نه اوچون حیواندیک
٤ سانالیب نظرینکیزده ناپاک بولغان دورمیز؟ ای سن
غضبینکدا اوزونکنی یرتادورغان سنینک اوچون یر ترک
٥ قیلینورمو؟ و یا قورام جایدین یوتکالورمو؟ آری فاسق
نینک نوری اوچورولور و اوتی‌نینک یالقینی یاروماس.

٦ ایننک چادریدا یاروغلوق قرانکغو بولور و ایننک
٧ اوستیداکی چراغی اوچورولور. ایننک کوچ قدملاری
٨ قیسیلور ایننک اوز مصلحتی انی یقیتور. چونکه اوز
پوتلاری بیلان تورغه تاشلانور و توزاقلار اوستیده
٩ یورادور. سیتمه انی تاپاندین الور و قیسماق انی توتا
١٠ دور. طناب ایلماکی ایننک اوچون یرده و قاپقان ایننک
١١ اوچون یولدا یاشورولغاندور. خوفلار هر طرفدین انی
١٢ قورقاتیب انی تاپانلاریغه قوغلایدورلار. ایننک قوّتی
اچلیقدین یوقالور و مصیبت ایننک یانیدا طیّار بولور.
١٣ ایننک بدنی نینک اعضالارینی یب کتادور؛ آری اولوم
١٤ نینک تونجی سی اعضالارینی یدور.. اول اعتماد
قیلغان چادریدین یولونور و خوفلارنینک پادشاهیغه
١٥ کلتورولور.. ایننک کی دین بولماغان چادریدا اولتورور؛
١٦ ایننک مکانیغه کوکورد ساچیلور.. ایننک ییلدیزلاری
تکیدین قوروتولور و شاخلاری توپه سیدین سولاشور
١٧ لار.. ایننک یادی یر یوزیدین یوقالور کوچه ده ایننک
١٨ اسمی بولماس.. اول یاروقدین قرانکغولوقغه هیدالیب
١٩ جهاندین قوغلانور.. اوز خلقی نینک ارا سیدا نه اوغلی و
نه نبیره سی بولور و اول تورغان یرده هیچ کیم قالمایدور..

٢٠ ایلکاری اوتکانلار قورقوتولغاندیك کین کلکانلار انینك
٢١ کونیکا حیران قالورلار. یقیناً عدل سز نینك سکونت
لاری شونداغ دورلار و خدانی تونومایدورغان نینك
جایی بو دور.

## اون توقوزونجی باب

١ اول وقت ایوب سوز قیلیب ایتی:
٢ نه وقتغچه جانیمنی مضطرب قیلیب منی سوزبرله
٣ سیندوروب پاره پاره قیلور سیزلار؟ بو اون مرتبه
منی خجالت قیلیب قاتیغلیق بیلان منکا قیلغان معامله نکیزغه
٤ شرمنده بولماس سیزلار. اکر راست کمراه بولسام هم
٥ کمراه لیقیم اوزوم بیلان قالور. اکر راست منینك ضدیمغه
اوزونکیزنی اولوغلاندوروشسانکیزلار و منینك خجالت
٦ لیکیمنی دلیل لاسانکیز. ایمدی بیلینکلار که خدا منی
ته تور اوروب دور و توری بیلان منی چیرماشتوروب
٧ دور. منا ظلمدین فریاد قیلورمن امّا اجابت قیلینماس؛
٨ یاردم اوچون چقیرورمن امّا حکم یوق دور. اول منی
اوتماکودیك یولومنی بند قیلیب یوروشلاریمده قرانکغو
٩ لوتی قویوب دور. اول جلالیمنی مندین سالدوروب

۱۰ باشیمدین تاجنی الیب دور. اول منی هر طرفدین سیندورو
روب دور و من کتکان دورمن و اُمیدیمنی بر درخت
۱۱ دیك یولوب چیقاریب دور. هم منینك ضدیمغداچیغی نی
توتاشتوروب منی اوز قاشیدا دوشمنلاری نینك بریدیك
۱۲ سانار. انینك قوجلاری الدیغه کلیشورلار و منینك ضدیمغه
یولی نی راستلاب چادریم نینك چورەسیکا توشورلار.
۱۳ برادرلاریمنی مندین نری قیلیب دور و تونوشلاریم مندین
۱۴ تمام یات بولوب دورلار. اقربالاریم نری تارتیشیب
۱۵ دورلار و آشنالاریم منی اونوتوب دورلار. اویومداکی
تورغوچیلار و کنیزکلاریم منی بیگانه سانایدورلار؛
۱۶ اولارنینك نظرلاریده یات کشی دورمن. قُلومنی چقیرا
من و اول منکا هیچ جواب برمایدور هرچند انی اغزیم
۱۷ برله یالبارورمن. نفسیم خاتونومغه یات بولوب دور و
۱۸ اوز اولادیمغه مکروه دورمن. هم اوشاق بالالار منی
تحقیر قیلورلار؛ قوپسام منینك ضدیمدا کپ قیلورلار.
۱۹ همه ایچ دوستلاریم منی نفرت قیلورلار و من محبّت
۲۰ کورساتکانکلار منینك ضدیمغه یانغان دورلار. استخوانیم
ترەمکا و آتیمکا چاپلاشور و تیشلاریم نینك ترەسی
۲۱ بیلان اران قوتولوب دورمن. سیز منکا رحم لیك

بولونکلار منکا رحم‌لیك بولونکلار ای دوستلاریم؛ چونکه
٢٢ خدانینك قولی منکا تکیب دور. نمه ایشقه منی خدا
٢٣ دیك قیستارسیزلار و آتیم‌دین تویمایسیزلار؟ کاشکه سوز
لاریم ایمدی پتولکای ایردیلار! کاشکه اولار کتابغه
٢٤ خطلانسه ایردیلار! که اولار تمور قلمی و قوغوشون برله
٢٥ ابدغچه قورامغه اویولور ایردیلار! امّا من بیلورمن که
منینك خلاص قیلغوچیم تیریك دور و که اول اخردا تفراق
٢٦ نینك اوستیده تورور. و ترەم شوانداغ خراب بولغاندین
٢٧ کین تنحی جسم‌سز خدانی کورورمن. منینك طرفیم ده
من انی کورورمن و کوزلاریم نظر سالورلار بیکانه دیك
٢٨ ایماس. ایچیم‌ده بوراك‌لاریم یوقالور. اکر ایتسانکیز: انی
هر قانچه قیستایلی! — واقع بولغان نینك یلدیزی منده
٢٩ تاپیلور ایکان کورکاندین کین — قلیجدین قورقونکلار
چونکه غضب قلیج نینك جزالارینی کلتورور تاکه حکم
بار ایکانی بیلکایسیزلار.

## ⊱ یکرمنجی باب ⊰

١ اول وقت نعماثلیق صَوفر سوز قیلیب ایتی:
٢ انینك اوچون خیال‌لاریم منکا جواب برادورلار

هم منده بولغان الدیراشیم نینك سببی بیلان. منی خجالتکا ٣
کلتورادورغان عتاب نی انکلاب دورمن و عقلیم نینك روحی
منکا جواب برور.٠ ایا ازلدین یعنی آدم یر یوزیده توختا ٤
تیلغان حالدین تارتیب شونداغ بولغانی نی بیلماسمو سن. که ٥
فاسیق لار نینك سویونوش چقیریشی قیسقه بولور و خدا
سز نینك خوشلوقی بردم؟. اینینك فضیلتی اسمانلارغه اور ٦
لانکانی و باشی بولوت لارغچه یتکانی بیلان. ینه اول ٧
ابدغچه اوز نجاستیدیك یوقالور. انی کورکوچیلار ایتورلار:
اول نه یرده دور؟. اول بر توشدیك اوچوب کتیب ٨
تاپیلماس آری کیچه نینك رؤیاییدیك هیداب اتیلدر.٠ انی ٩
کورکان کوز ینه انی کورمایدور و اینینك مکانی ینه انکا
قاپلاماس. اینینك بلالاری مسکین لار نینك التفاتی نی ١٠
ایستار لار و اینینك قول لاری دولتی نی یاندورب برور.٠
اینینك استخوانی یاشلیق قوتیدین تولغان دور امّا اول اینینك ١١
بیلان تفراقدا یاتار.٠ فاسیقلیق اینینك اغزیدا شیرین بولغانی ١٢
بیلان؛ تیلی نینك تکیده انی یاشوروب. اغزی نینك اچیده ١٣
انی توتوب توروب ساقلاب چیقیب کتکالی قویماغانی
بیلان. اینینك بو غذاسی اوچای لاریده تبدیل بولوب اینینك ١٤
اچیده یلان زهری بولور.. اول دولت لارنی یوتوب قَ ١٥

قیلیب اولارنی یاندورور؛ خدا قورساقیدین اولارنی
١٦ چیقاریب اتور. اول یلان زهرینی ایمادور، افعی نینك تیلی
١٧ انی قتل قیلور. اول دریالارغه قایلامایدور اقادورغان
١٨ عسل بیلان مسکه نینك جلغه لاریغه٠ ایشلاب تاپقان
نرسه نی یاندوروب بریب انی یوتماس انینك تاپقان دولتی
١٩ بیلان خوشلوقی برابر بولماس٠ چونکه مسکین لارکا ظلم
قیلیب اولارنی ترك ایتیب دور؛ یاساب ساقلایالمایدورغان
٢٠ بر اوی نی اوزیکا تارتیب الیب دور٠ اول اوز ایچیده
تنجلیق بیلماکانی اوچون اول خوش کورکانی نینك
٢١ هیچ برینی قوتقازمایدور. انینك اچلیقیدین هیچ نرسه
قوتولمادی؛ اول سببدین انینك سعادتلیکی تورماس٠
٢٢ کفایتلیکی نینك تولوشیدا تنکلیککا کرفتار بولور هر
٢٣ بیچاره نینك قولی انینك اوستیکا کاور٠ اول قورساقی نی
تویغوزوب تورغاندا خدا غضبی نینك اوتی نی انینك
اوستیکا تاشلار و یب تورغاندا انی انینك اوستیکا یاغدو
٢٤ رور٠ اول تمور یراغدین قاچار و میس یایی انی اوروب
٢٥ تشار٠ اول اوق نی تارتار و اول بدنیدین چیقادور؛ آری
پارقیرایدورغان اوچی اوتیدین چیقار؛ خوف لار انینك
٢٦ اوستیده دورلار٠ انینك دفینه لاری اوچون همه قرانکغو

لوق ساقلانیب دور؛ پودیك سز بر اوت انی کویدوروب
٢٧ چادریدا قالغان نرسه‌نی یوقاتور.٭ آسمانلار انینك بوزوغلو
قی‌نی اظهار قیلادورلار و یر انینك ضدیغه قوپادور.٭
٢٨ اویی‌نینك اوسوشی یوتکالیب غضبی‌نینك کونیده اقیب
٢٩ کتار. خدادین فاسق‌نینك حصّه‌سی بو دور و خدا انکا
تعینلاغان میراث.

## (یگرمه برنجی باب)

١ اول وقت ایّوب سوز قیلیب ایتی:
٢ سوزلاکاییم‌نی جهد برله انکلانکلار و بو منکا
٣ برادورغان تسلّینکیز بولغای.٭ منی قویونکلار من هم سوز
٤ قیلای. سوزلاکاییم‌دین کین زانکلا قیلیب برینك.٭ من
بولسام دادیم انسانغه بولورمو؟ و نمه اوچون بیطاقت
٥ بولماغای ایردیم؟٭ منکا قاپلاب حیران بولونکلار و قو
٦ لونکیزنی اغزینکیزغه قویونکلار.٭ یاد قیلغانیم‌دا هم
٧ مضطرب بولورمن و دهشت آتیم‌نی توتوب الور.٭ فاسق
لر اوچون عمر کورور آری قریب قوّتده کوچلانور؟٭
٨ اوروغی نظرلاریده اولار بیلان تقریر بولور و کوز
٩ لاری‌نینك الدیدا اولارنینك نسلی.٭ اولارنینك اوی

لارى سلامت و قورقونچسزدور و خدانينك تياقى
١٠ اولار اوستيكا ايماسدور. اولارنينك بوقاسى جفتلاشيب
عبث برله قيلماس؛ اولارنينك ايناكى موزايلاب موزاى
١١ تاشلاماس.. اولار اوشاقلارينى پاتەديك قويوب برور
١٢ لار و بلالارى اوسول اوينايدورلار.. اولار داف و
چنك بيلان آوازينى چيقاريب بلامان نينك آوازيدا خرسند
١٣ بولورلار.. اولار سعادت حالدا كونلارنى اوتكوزوب بر
١٤ دمده كورغه سلامت بارورلار.. ينه خداغه ايتيلار:
بيزدين چيقيب كتكيل چونكه يوللارينك نينك بيلماك
١٥ ليكى نى خواهلامايميز.. قادر مطلق نه دوركه بيز انكا
عبادت قيلغايميز؟ و بيزكا نه فائده بولور اكر انكا دعا
١٦ قيلساق؟. منا اولارنينك سعادت حالى اولارنينك قوليدا
١٧ ايماس. فاسقنينك مصلحتى مندين يراق دور.. قانچه
پات واقع بولوركه فاسقنينك چراغى اوچورولور؟ و كه
اولارنينك مصيبتى اوزلاريكا توشار؟ و كه خدا اچيغيدا
١٨ غم يتكوزار؟. كه اولار شمالغه انكيزديك بولورلار و
١٩ بوران اليب كتادورغان سمان اوچقونيديك؟. سيز ايتور
سيز: خدا بلالارى اوچون خطايى نى سانلار. اوزى
٢٠ بيلكوديك اوزيكا مكافات قيلغاى.. اوز كوزلارى

مصیبتی نی کورسونلار و قادر مطلق نینک غضبیدین
٢١ ایچسون. چونکه اندینکدین کین آی لاری نینک عددی اوترا
٢٢ دین کسیلکانده اوز اویکا نه ممنونیت بولور؟. ایکیز
تورغانلارغه حکم قیلیشی نی کورکانده کیرسه خداغه
٢٣ بیلما کلیك اورکاتورمو؟. بری آرام و تنجلیقدا تولوب
٢٤ تورغاندا اوز قوّتی نینک کمالیده اولار. انینک سوت خمره
لاری تولغان دورلار و سونکاك لاری نینک یلیکی سولوق
٢٥ دور. و ینه بری جان اچیغی برله اولوب یخشیلیق نی هیچ
٢٦ تاتیماس. اولار اوخشاش تفراقدا یاتورلار و قورت لار
٢٧ اولارنی یاپار. منا خیال لارینکیز نی و سیزلار ناحق
بیلان منینك ضدیمغه کلتورکان تدبیرلارنی بیلورمن.
٢٨ چونکه اصلزاده نینك اوی نه یرده دور و فاسق اولتورغان
٢٩ چادرقی دیب سورارسیز. یول یورکوچیلاردین سور
مادینکیزمو؟ و اولار نینك بیلکولارینی تونوماسمو سیز
٣٠ لار. که یمان آدم مصیبت کونیکا ساقلانورکه اولار
٣١ غضب کونیکا کلتورولور؟. کیم انینك یولی نی یوزیکا بیان
قیلادور؟ و انینك قیلغانی نی کیم انکا یاندوروب برور؟.
٣٢ ینه اول کورغه کوتاریلور و قبرنینك اوستیده ساقلار
٣٣ لار. دره نینك چیم لاری انکا شیرین بولور و همه بشر

اینینک کیینیدین ایرکاشیب بارور اینینکدین ایلگاری اندا
٣٤ عددسیز بار بولغاندیك. جوابلارینکیزدا فقط یالغانچیلیق
قالغاندین کین قایداغ منکا عبث تسلّی برورسیزلار؟

## یگرمه ایکنچی باب

١ اول وقت تیمانلیق الیفز سوز قیلیب ایتّی:
٢ انسان خداغه فائدهلیق بولالورمو؟ بدرستی اول که
٣ عاقلدور اوزیگا فائدهلیق بولور. سن عادل بولغان بیلان
قادر مطلقه بر نعمه ممنونیت بولورمو؟ و یا سن یول
لارینکنی کامل قیلغانینک بیلان انکا سود بولورمو؟.
٤ قورقونچونک اوچون بولورموکه اول سنی عتاب قیلورکه
٥ اول سنی حکمگا کلتورور؟. فاسقلیقینک زیاده ایماسمو؟
٦ و یا بوزوغلوقونکنینک انتهاسی بولماس. چونکه سن
برادرینکدین بی سبب رهن الیب یلانکغاچلاردین ایگین
٧ لارینی سالدوروب سن. هارغانغه ایچگالی سو برمای
٨ آچدین نان نی ایاب دورسن. امّا عظیم آدم بولسه انکا یورت
٩ بریلیب دور و چونک کشی اول اندا اولتوردی. تول
لارنی قوروق یاندوروب سن و یتیملارنینک قوللاری
١٠ سیندورولوب دورلار. اینینک اوچون سیتمهلار

چوره نکده دورلار و بناگاه قورقونچ سنی مضطرب قیلور .
١١ و یا قرانکغولوقنی و سنی یاپادورغان سولارنینک غول
١٢ لوقنی کورماسموسن . خدا آسماننینک ایکیزیده ایماسمو ؟
و یولدوزلارنینک باشیغه قاپلاغیل قایداغ ایکیزدورلار .
١٣ و سن ایتورسن : خدا نمه بیلادور ؟ اول قپ قرانکغو
١٤ لوقنینک ارقاسیدین حکم قیلالوره و ؟ قویاق بولوتلار
انکا توسانچی بولورلارکه اول کورمایدور آسمان قُبّه سی
١٥ اوستیده اول مانکادور . فاسق آدملار یورگن قدیم
١٦ یولدا قالغایموسن ؟ که اوز وقتیدین ایلکاری کسیلیب
کتکان ایردیلار . اولارنینک اُولی بر دریادیک اقیب
١٧ کتکان ایردی . خداغه ایتّیلار : بیزدین چیقیب کتکیل .
١٨ قادر مطلق بیزنینک اوچون نمه قیلالایدور ؟ و ینه اول
اولارنینک اویلاریی بخشی نرسه لار برله تولدوردی .
١٩ امّا فاسقلارنینک مصلحتی مندین یراقدور . عادللار
انی کوروب خوش بولورلار و بی گناه کشی کولوب
٢٠ اولارنی مسخره قیلیب ایتور : بدرستی بیزنینک ضدیمیزغه
قوپغانلار کسیلکان دورلار و اولارنینک باقی قالغانینی
٢١ اوت یوقاتیب دور . ایمدی اوزونکنی انینک برله
یاراشتوروب سلامتده بولغیل . انینک برله سینکا بخشیلیق

٢٢ کلور. سنکا التماس قیلورمن انینك اغزیدین شریعت نی
قبول قیلغایسن و کونکلونکده انینك سوزینی ساقلاغیل.
٢٣ قادر مطلقغه یانسانك و چادرلارینکدین عدلسزلیق نی
٢٤ یراق قیلسانك بنا قیلینورسن. و سن التون کنجینك نی
تفراق ایچیده اوفیرنینك التونی جیلغه لارینینك تاشلاری
٢٥ اراسیغه سالغیل. و قادر مطلق سنینك التون کنجینك
٢٦ بولور هم افضل کموش اول سنکا بولادور. چونکه اول
وقت سویونکاینك قادر مطلقدا بولور و یوزونك نی خدا
٢٧ طرفیکا کوتارورسن. انکا دعاینك نی قیلورسن و اول
مستجاب قیلور و سن وعده لارینك نی ادا قیلورسن.
٢٨ سن بر نرسه کا هم نیت توختاتسانك سنکا حاصل بولور
٢٩ و یوللارینك اوستیده نور یاروتور. اولار سنی تو بنکا
تاشلاغاندا کوتاریلماکلیك بار دیب ایتقایسن و تواضع
٣٠ قیلغوچی نی اول قوتقازور. هم بی کناه کمرسه نی اول
خلاص قیلور. آری قوللارینك نینك پاکیزه لیکیدین
اول قوتولور.

## یکرمه اوچونجی باب

١ اول وقت ایوب سوز قیلیب ایتی:

دادیم بوکون هم عاصی دور ناله‌م نینک سببیدین ٢
سُست دور. کاشکه انی تاپیلیش یرینی بیلکای ٣
ایردیم که انینک تختیغچه یتکای ایردیم! انینک الدیدا ٤
دعوایم نی راستلاب اغزیم نی مباحثه بیلان تولدورور
ایردیم. منکا جواب برور سوزلارینی بیلیب منکا ٥
ایتقانی نی اوقار ایردیم. قدرتی نینک زیاده‌لیکیده من ٦
بیلان ایتیشور ایردی مو؟ یوق بلکه اول مندین اکاه
بولور ایردی. اندا راست کشی انینک برله ایتیشقای ٧
ایردی شونینک بیلان من ابدغچه حاکمیم‌دین قوتولور
ایردیم. منا الدیغه بارامن اما اول یوق‌دور و ارقاغه ٨
یورامن اما من انی فهملایالمایمن. چپ طرفده ٩
ایش قیلسه من انکا نظر سالالمایمن اونک طرفده اوزینی
یاشورورکه من انی کورالمایمن. اما اول من بارور یول نی ١٠
بیلور اول منی امتحان قیلغاندین کین من التوندیک چیقار
من. منینک پوتوم انینک ایزلاریکا دبساب توروب‌دور ١١
انینک یولی نی توتوب چت کا چیقماب دورمن. من انینک ١٢
اب‌لاری نینک امریدین یانماب دورمن؛ من انینک اغزی
نینک سوزلارینی اوز نصیبیم‌دین زیاده ساقلاب دورمن.
اما انینکداکی تدبیری بردور و کیم انی یاندورور؟ و ١٣

١٤ اینینك جانی نمه خواهلاسه انی هم قیلور. چونکه منکا
تعین بولغانی اول پوتکوزور و تولا شونداغ نرسه‌لار
١٥ اینکده بار. اول سببدین اینینك حاضرلیقیدا مضطرب
١٦ بولورمن اویلاسام اینیکدین قورقارمن. چونکه خدا
کونکلومنی سستلاندوروب دور و قادرمطلق منی
١٧ الدارتیب دور. چونکه قرانکغولوقدین ایلکاری من
کسیلمادیم و یا قپ قرانکغولوقنی یوزومکا اول یاپمادی

## (یکرمه تورتونجی باب)

١ وقت‌لار نمه ایشقه قادر مطلقدین ساقلانماب دور
لار؟ و انی تونوغانلار نمه اوچون اینینك کونلارینی
٢ کورماسلار؟. فاصله‌لارنی یوتکاکوچیلار بار؛ زورلوق
٣ بیلان تارتیب الغان پاته‌لارنی اوتلاتورلار. یتیم‌لار
نینك ایشاکینی هیداب چیقاریب تول نینك کله‌سینی
٤ رهن الورلار. فقیرلارنی یولدین توساب چیقارورلار
یورت نینك بیچاره‌لاری اوزلارینی بر بری بیلان یاشو
٥ روشورلار. منا چولداکی قولانلاردیك طعمه‌نی جهد
بیلان ایستاب ایشلاریکا باروزلار جنکل اولارغه بلا
٦ لاری اوچون یکولوك چیقارادور. اولار بوغازینی

اتیزلیقدین اوراب الیب فاسق نینك تال لیقیدا ترارلار.
٧ تمام کیچه ایکین سز یلانکغاچ یاتورلار و سوغاقدا یاپنجی
٨ یوق دور. اولار تاغلار نینك یامغورلاریدین هول بولوب
٩ پناه ایستاب قورام نی قوچاغلارلار. اتاسزنی امچکدین
١٠ تارتیب الیب بیچاره دین رهن الادورغانلار بار. انداغ که
اولار ایکین سز یلانکغاچ یوروب آچ قالیب آنجو باغلاريني
١١ کوتارورلار. بو آدملار نینك تاملاری ایچیده یاغ
چیقاریب اوسوزلوق تارتیب شراب باسقولاريني دبسار
١٢ لار. معمور شهر نینك تاشیدین آدم ناله قیلور و زخم
دارلار نینك جانلاری توولایدورلار. تنی خدا انی ته تور
١٣ واقعه حساب قیلمایدور. بولار یاروغلوق نینك ضدیغه
عاصیلیق قیلغوچیلاردین دورلار اینك یوللاريني
١٤ بیلماسلار هم اننك ازلاریده تورماسلار. قتل
قیلغوچی تانکاتیش بیلان قوپوب بیچاره نی و فقیرنی
١٥ اولتورور و کیچه ده اوغریدیك دور. زناکار نینك کوزی
هیچ کوز منی کورماکای دیب کیچقورونی ساقلاب
١٦ توروب یوزیکا نقاب تارتادور. قرانکغولوقدا اویلارنی
کورلاب تشیب کوندوز سولاقاب یاروغلوقنی تونو
١٧ ماسلار. چونکه اولار همه سیکا ایرته کان اولوم سایه

سیدیك بولور چونکه اولار اولوم سایه‌سی نینك
١٨ خوف‌لارینی بیلورلار. سیزلار ایتورسیزلار: اول سو
لارنینك یوزیده ایتیك دور حصّه‌سی یرده ملعون بولور
١٩ تاللیق‌لارنینك یولیغه یانماس. قوروغلوق بیلان
ایسیغلیق قار سولارینی یب کتکاندیك کور هم گناه
٢٠ قیلغانلارنی یب کتار. رحم انی اونوتادور قورت‌لارغه
تاتلیق یکولوك بولوب اول ینه یاد قیلینماس وعدل‌سزلیق
٢١ بر درختدیك سیندورولور. توغمایدورغان توغماسنی یب
٢٢ کتیب تولغه یخشیلیق قیلمایدور. عظیم‌لارنی هم اوز
قدرتی بیلان تارتیب الور اول قوپادور و هیچ آدم
٢٣ تیریکلیکدین خاطر جمع ایماس. خدا اولارغه امانلیق
برله بولوشی برور و اولار انینکده آرام الورلار امّا
٢٤ انینك کوزلاری اولارنینك یول‌لاریدا دورلار. اولار
کوتاریلکاندورلار و ینه آزغنه مدّت ده کتکندورلار
آری اولار پست‌کا کلتورولوب همه باشقه‌لاردیك
یولدین الینیب باش قیلتریق‌لارنینك اوچلاریدیك کسیلور
٢٥ لار. و شونداغ بولماسه ایدی کیم منی یالغانچی دیب
اثبات قیلیب سوزلاکایم‌نی اعتبارسز قیلغای؟

## یکرمه بشنجی باب

١ اول وقت شوحلوق بلداد سوز قیلیب ایتی:
٢ سلطنت و قورقونچ اینینک بیلان دور. اول علییینیده
٣ سلامت نی پیدا قیلور. اینینک قوشونلاری نینک عددی بار
٤ مو؟ و اینینک نوری کیم نینک اوستیکا چیقمای قالور؟ انسان
خدانینک الدیدا قایداغ صادق بولالور؟ ویا خاتوندین توغولغان
٥ قایداغ پاکیزه تورالور؟ مناهم آی نینک جلاسی یوق و یولدوز
٦ لار اینینک نظریده پاك ایماس. امّا انسان که قورت و بنی آدم که
یوز کوماچ قورتی دور قانچه قیسقه لیق قیلور!

## یکرمه التنجی باب

١ اول وقت ایّوب جواب بریب ایتی:
٢ بی قدرت کا قایداغ یاریلیق بریب سن! کوچی یوق
٣ بازونی قایداغ قوتقازیب دورسن!. حکمت سزکا قایداغ
مصلحت بریب دانالیق نینک زیاده لیکی نی معلوم قیلیب سن!.
٤ کیم کا سوز کاتوروب دورسن و کیم نینک روحی سندین
٥ چیقتی؟. عالم برزخ نینک سایه لاری سولار نینک تکی و
٦ اندا تورغوچیلار دهشتدین توتولور. اینینک الدیدا کور

٧ يلانكغاچ و هلاكت نينك يابنچىسى يوق دور. اول حد
شمال نى خاليليق اوستيده يايار و يرنى نرسه‌سز اوستيده
٨ اسادور. سولارنى قرا بولوت‌لاريغه چيكيب قويار
٩ و اولار تكيده اسمان يارىلماس. تختى نينك يوزينى
١٠ ياشوروب اينينك اوستيكا بولوتى نى يايادور. سولارنينك
يوزيده حدود برله احاطه قيلور ياروق بيلان قرانكغو
١١ ملاقى بولغان يرغچه. آسمان توپروك‌لارى تيتراب
١٢ اينينك ملامتيغه حيران بولورلار. قدرتى بيلان دريانى
چالغوتوب اوز بيلماكليكى برله رَهاب نى اوروب
١٣ سيندورور. اينينك روحى بيلان آسمانلار زينتلانور
١٤ لار اينينك قولى ايتّيك يلان نى تشيب دور. منا بو نهايتى
اينينك يول‌لارى نينك اياغلارى و قانچه كيم كوسولدوش
اينينكدين انكلايدورميز! امّا اينينك قدرتى نينك كولدور
لاكانى نى كيم اوقالايدور.

## ( يكرمه يتنچى باب )

١ و ايّوب ينه مثلى نى كلتوروب ايتّى:
٢ حقّيم نى اليب كتكان خدانينك و جانيم نى مضطرب
٣ قيلغان قادر مطلق نينك تيريكليكى برله. (چونكه يريكليكى

٤ تنجی عام منده بار و خدانینک نفَسی بورنومدا) . بدرستی
ابلاریم عدلسزلیق نی سوزلاماس و تیلیم هم حیله لیک
٥ نی کلتورماس . حاشاکه من سیزلارنی تصدیق قیلغایمن .
من اولگونچه صافلیقیمنی اوزومدین قویوب برمایمن .
٦ عدالتیمنی محکم توتوب قویوب برمایمن کونکلوم کونلاریم
٧ اوتوشده تاپا قیلماس . دوشمنیم فاسققه اوخشاش
بولسون و منینک ضدیمغه قوپغوچی عدلسزدیک بولغای .
٨ چونکه خداسزنینک اُمیدی خدا انی کسیب جانی نی
٩ الغاندا نه دور ؟ انکا تنکلیک کالکانده خدا انینک فریادینی
١٠ انکلارمو ؟ قادر مطلق بیلان اوزی سویونوب خداغه
١١ هر وقت دعوت قیلورمو ؟ خدانینک قولی نینک بارهسیده
١٢ سنکا تعلیم برای ؛ قادرمطلقداکی نی یاشورمایمن . منا
همه نکیز اوزونکیزانی کوروب سیزلار پس قایداغ
١٣ شونداغ بیهوده کپ نی کلتورالورسیز ؟ بو فاسق آدم
نینک خدا قاشیداکی حصّهسی دور و قادر مطلقدین
١٤ زورکرلارنینک تاپغان میراثی . انینک بالالاری زیاده
لاشسه قلیچ اوچون بولور و انینک اولادی ناندین
١٥ تویمایدور . انینک قالغانلاری اولومده کومولورلار و
١٦ انینک تول لاری مرثیهلار اوقوماسلار . کموش تفراقدیک

١٧ دوبه لاب لایدیك ایکین راستلاسه همم. راستلاسون امّا صادق
١٨ انی کیپدور و بی گناه کوشنی تقسیم قیلور. کویه دیك و ساقلا
١٩ غوچی قیلغان ساتمادیك اویی نی یاسار. هیچ نرسه الیماس دیب
دولتمند یاتیب اویلایدور امّا کوزلاریی اچاردا هیچ نرسه
٢٠ قالماس. خوف لار سودیك انکا یتیب باسار بوران کیچه ده انی
٢١ اوغورلاب الیب کتار. مشرق شمالی انی توتوب الور و اول
٢٢ چیقیب کتار و جایدین انی یولار. چونکه خدا ایامای انکا اتار
٢٣ ایدنك قولیدین قاچقالی سعی قیلور ایردی. کشی انکا چواك
چالیب جایدین انکا ایسقیتورلار.

## ﴿یکرمه سکزنجی باب﴾

١ چونکه کموش اوچون کان صافلاندورادورغان التون
٢ اوچون جای بار. تمور یردین الینور و میس تاشدین
٣ ایریتیلور. اول قرانکغولوق اوچون انتها توختاتیب
همه دین یراق حدود قپ قرانکغولوق نینك و اولوم سایه
٤ سی نینك تاشلاریغچه تحقیقلایدورلار. آدم یوروشیدین
نری لقمه اویوب اچار اوتکان پوتدین اونوتولورلار
٥ آدم لاردین یراق سانکولاب لنکشایدورلار. یر بولسه
انینکدین نان چیقار و تکی اوتدین اورولکاندیك

٦ اورولور. انینک تاشلاری کوک یاقوت لارنینک جایی دور
٧ و انینک التون تفراقی بار. اول یولنی هیچ قوش
٨ بیلمایدور ویا لاچین نینک کوزی انی کورماب دور. هیبت
لیک یاوه حیوانلار انینکده یورکان ایماس و اولویدور
٩ غان شیر انینکدین همم اوتماب دور. قولنی قاتیق قورامغه
١٠ سالیب تاغلارنی بیلدیزلار بیلان اورایدور. قورام لار
اراسیدا یوللار کسیب الور و انینک کوزی هر افضل
١١ نرسه نی کورور. دریالارنی تامماغودیک باغلایدور و مخفی
١٢ نرسه نی یاروغلوققه چیقارادور. امّا حکمت نه یرده تاپیلور
١٣ و عقل نینک جایی نه یرده بار؟ آدم انینک بهاسی نی بیلماس
١٤ و هم حیات لارنینک یورتیدا تاپیلماس. اول منده یوق
دور دیب چوقورلوق دیدور و منینک برله ایماس دیب دریا
١٥ ایتور. التون اوچون انی الغالی بولماس و انینک بهاسی
١٦ اوچون کموش هم وزنلاماس. انینک بهاسی اوفیرنینک
التونی بیلان و یا افضل عقیق و یا کوک یاقوت بیلان
١٧ توختاتیلماس. التون و شیشه انکا اوخشاتقالی بولماس افضل
١٨ التون نینک قاچه لاریغه تکیشالماس. مرجان و بلورنینک
هیچ دیکولوکی یوق آری حکمت نینک بهاسی یاقوت لار
١٩ دین ایکیزدور. حبش نینک زبرجدی انکا اوخشاماس

٢٠ وخالص التون بیلان هم بها قیلینمایدور. پس حکمت نه یردین
٢١ کلادور و عقل نینک جایی نه یرده بار؟ همه حیوانلارنینک کوز
لاریدین یاشورولغانی نی و هواداکی اوچارلیق لاردین پنهان
٢٢ ساقلانغانی نی کوروب. هلاکت واولوم ایتادور: قولاقلاریمیز
٢٣ بیلان اینینکدین میش میش خبر انکلادوق. خدا اینینک یولی نی
٢٤ اوقوب جایی نی اول بیلور. چونکه اول یر نینک انتهالاری نچه
٢٥ قاراب تمام آسمان تکیداکی نی کورور. شمال اوچون
وزن قیلیب آری سولار نینک مقداریی تعینلاکانده
٢٦ یامغور اوچون فرمان و هوا کولدورلاکانی نینک جاقینی
٢٧ اوچون یول قیلغاندا. اول وقت اول انی کوروب بیان
٢٨ قیلدی آری انی راستلاب تفتیش قیلدی. و انسانغه
ایتّی: منا خداوندنینک قورقونجی اول حکمت دور و
یماندین چیقماق عقل دور.

## (یکرمه توقوزونجی باب)

١ و ایّوب ینه مثلی نی کلتوروب ایتّی:
٢ کاشکه ایلکاری کی آی لاردا خدا منکا پرورش
٣ قیلغان کونلارده بولغاندیك بولغای ایردیم. اینینک چراغی
باشیم نینک اوستیده یاروق برکانده و من اینینک نوری

برله قرانکغولوقدین اوتارده. کونلاریم نینك کمالیده ٤
بولغانیم دیك خدانینك مصلحتی چادریم اوستیده بولغاندا.
قادر مطلق من برله تخی بار بولغاندا و بلالاریم منینك ٥
چوره‌مده بار وقتیدا. پوتلاریم مسکه برلان یوولغاندا ٦
و قورام یاغدین دریالار منکا ایقیتوردا. من شهر دروا ٧
زه سیغه کتیب باریب اولتورماغلیقیم نی بازاردا راستلاغاندا.
یکیتلار منی کوروب اوزلارینی یاشورور ایردیلار و ٨
قریلار قوپوب اوری تورور ایردیلار. امیرلار کپ ٩
سوزنی توختاتیب اغیزلاریغه قوللاریی قویار ایردیلار.
اصلزاده‌لارنینك آوازی شوك شوك قیلینور ایردی و ١٠
اولارنینك تیلی تامغاقلاریغه چاپلاشور ایردی. چونکه ١١
قولاق منی انکلاغاندا دعای خیر قیلور ایردی و کوز
منی کورکانده منینك اوچون کواه‌لیق برور ایردی ١٢
چونکه قچقیرغان بیچاره‌نی یاریلیق برکوچی‌سی یوق
یتیم نی هم خلاص قیلور ایریم. ضایع بولغالی تورغان نینك ١٣
دعای خیری منکا یتار ایردی و تول نینك کونکلیدین
شادلیق صدا چیقارور ایردیم. عدالت نی کیار ایردیم و ١٤
اول منکا ایکین بولدی صلاحیم تون صلّه‌دیك بولور
ایردی. من کور اوچون کوز اقساق اوچون پوت ١٥

١٦ ایردیم.. من فقرغه اتا ایردیم و بیلماکان کشی نینک دعوایی نی
١٧ تفتیش قیلور ایردیم.. عدلسز نینک ازیق لارینی سیندوروب
١٨ تیشلاریدین صیدنی تاشلاتوردوم.. اول وقت ایتّیم اوّامدا
١٩ اولامن و قوم دیک کونلاریم نی زیاده لاشتورامن.. ییلدیزیم
سولارغه اوچوق دور و شاخیم اوستیده شبنم تمام کیچه
٢٠ توختار.. جلالیم منده ینکی دور و یاییم قولومدا ینکوشلانور..
٢١ آدم لار منکا قولاق سالیب انتظار توروب مصلحتیم غه شوك
٢٢ تورور ایردیلار.. منینک سوزلاریم دین کین اولار ینه سوز
لاماس ایردیلار و منینک کبیم اولار اوستیکا تامار ایردی.
٢٣ و اولار یامغورغه (ساقلاب تورغان) دیك منکا
انتظار ایردیلار و بهار یامغوریغه (چیقّان) دیك اغیز
٢٤ لارینی چونك اچار ایردیلار. اولارغه کولسام اولار یوتماس
٢٥ ایردیلار و چرایم نینک نورینی بوزالمادیلار.. اولارنینك یولی
نی ایلغاب چونکلوق بیلان اولتوروب قوشون اچیده پادشاه
دیك و ماتمدارلارغه تسلّی بر کوچیدیك سکونت قیلور ایردیم.

## اوتوزونجی باب

١ امّا ایمدی من اتالارینی پاته م نینک ایت لاری بیلان
قویغالی پست کورکان مندین یاش کمرسه لار منی مسخره

قیلورلار. آری قول‌لاری‌نینک کوچی و قوّتی ضایع ٢
بولغان آدم‌لار منکا نه فائده برور ایردی؟ حاجت بیلان ٣
اچاچیلیقدین قوروغان دورلار اولار بیابان بیلان ویرانلیق
نینک غم ظلمتیده قوروق یرنی غاجایدورلار. اولار ٤
توزلوق اوت‌نی تیکانلارنینک اراسیدا تیرایدورلار و
ارچا ییلدیزلاری اولارنینک طعامی‌دور. اولار آدم ٥
لارنینک اراسیدین هیداب اتیلورلار بر اوغری‌نینک
ارقاسیدین چقیرغاندیک اولارنینک ارقاسیدین چقیرور
لار. دره‌لارنینک یاروق‌لاریدا و یرنینک و قورام ٦
لارنینک کواک‌لاریده ناچار اولتورورلار. تیکانلار ٧
نینک اراسیدا هانکرایدورلار خوخه تیکان‌نینک تکیده
جمع قیلینورلار. احمق‌لارنینک بالالاری آری بی‌نام ٨
کیشی‌لارنینک فرزندلاری دورلار. اولار یورت‌دین
قوغلاندیلار. و ایمدی من اولارنینک غزلی دورمن ٩
آری من اولار اوچون بر تمثیل سوز ایکان‌من. اولار ١٠
منی نفرت قیلیب مندین نری تورورلار و یوزوم‌کا
توکوروشدین ایاماسلار. چونکه اول اغرامچی‌نی بوشا ١١
تیب منی مبتلا قیلیب دور و اولار منینک الدیمدا
بوکانی‌نی سالیب تاشلاب دورلار. اونک طرفیمده تزیل ١٢

پاچاق قوپادور پوتلاریم نی سوروب اتادورلار و اوز
١٣ مصیبت یوللاریی منینك ضدّیم غه سالورلار. یولوم نی
بوزادورلار اوزی یاری بر کوچی یوق کشیلار منینك
١٤ مصیبتیم نی چیقارورلار. کنك بر کواکدین (اوتکان)
دیك کاورلار ویرانلیق نینك اوتراسیدا منینك اوستوم کا
١٥ اوزینی عولاتورلار. خوفلار منینك اوستوم کا یاندو
رولغان دور عزّتیم نی شمالدیك قوغلایدورلار و امانلیقیم
١٦ بر بولوتدیك اوتکوزولوب دور. و ایمدی ایچیم ده
جانیم توکولور؛ زحمت کونلاری منی توتوب الیبدورلار.
١٧ کیچه وقتیدا سونکاکلاریم منینك ایچیم ده تشیلورلار و
١٨ منی غاجایدورغان دردلار هیچ آرام الماسلار. تسلیم نینك
چونك قوّتیدین کیکولوکوم تغیر تاپیب دور چپانیم بولغاندیك
١٩ چورەمده سانکولایدور. اول منی پاتیققه تاشلاب دور
و من تفراق برله کولکا اوخشاش بولغان ایکان من.
٢٠ من سنکا دعوت قیلورمن و سن منکا اجابت قیلمایسن.
٢١ من شوك تورورمن و سن منکا قایلاب تورورسن. سن
منکا جفاکار بولغالی بوتکالدینك: قولونك نینك قوّتی
٢٢ بیلان منی قیستارسن. شمالغه منی کوتاریب منی انکا
٢٣ میندورورسن و بوراندا منی ایریتورسن. چونکه بیلور

من که منی اولومکا و همه حیاتلارغه تعینلاغان اویکا
٢٤ الیب بارغونك بار. هر قایداغ بولسه یقیلغانیدا کشی
قولی نی اوزاتیب مصیبتیده یاری اوچون چقیرمامدور؟
٢٥ تنکلیك کونلاری کورکان کمرسه اوچون یغلامادیممو؟
٢٦ فقیر اوچون جانیم غمناك بولماسمو ایردی؟ یخشیلیق اوچون
انتظار تورسام یمانلیق کلدی و نورغه ساقلاب تورسام
٢٧ قرانکغولوق کلدی. اوچلاریم قاینات توروب آرام
تابمایدورلار زحمت کونلاری منینك اوستومکا کالکان
٢٨ دورلار. افتابسز ماتمدار یورورمن. جماعتدا قوپوب
٢٩ یاری اوچون چقیرورمن. چقاللارغه برادر و شتر
٣٠ مُرغلارغه همراه دورمن. ترهم قرا بولوب مندین
٣١ اجرایدور اوستخوانلاریم ایسسقدین کویکاندورلار. اینك
اوچون چنکیم ماتمغه و بلامانیم یغلاغوچیلارنینك آوا
زیغه اورولکاندور.

## اوتوز برنجی باب

١ کوزلاریم بیلان بر عهد قیلدیم. پس بر قیزغه قایداغ
٢ قاپلار ایردیم؟ چونکه یوقاریدین خدانینك حصه‌سی و
٣ علییندین قادر مطلقنینك میراثی نه دور؟ عدلسز

٤ اوچون مصیبت بولماسمو و خطا قیلغوچیلارغه بلا؟ اول
مېنینک یول‌لاریمنی کوروب همه قدم‌لاریمنی ساناماسمو؟
٥ اگر عبث بیلان یورگان بولسام و پوتوم حیله‌گا یوگوروق
٦ بولغان بولسه. (راست ترازودا تارتیلغایمن تاکه خدا
٧ صافلیقیمنی بیلسون). قدمیم یولدین چیققان بولسه و
کونگلوم کوزلاریمگا ایرگاشیب بارغان و قول‌لاریمغه
٨ بر داغ چاپلاشقان بولسه. من ساچای و باشقه‌سی یسون
٩ آری اتیزلیقیمنینک حاصلی یولونغای. اگر کونگلوم بر
خاتونغه الدانغان بولسه و همسایه‌منینک ایشیکی الدیدا ماراب
١٠ یورگان بولسام. مېنینک خاتونوم باشقه‌سیغه یاغاچاق تارتسون
١١ و غیریلار انینک اوستیگا ایگکاییلار. چونکه اول قبیح
گناه بولور ایردی آری حاکملاردین عقوبت الغودیک
١٢ بوزوغلوق بولور ایردی. چونکه هلاکتغچه یوقتادور
غان اوت ایکان و همه اوسوشومنی ییلتیزدین یوقاتور
١٣ ایردی. اگر قلومنینک و یا کنیزکیمنینک دعوایینی
١٤ تحقیر قیلدیم ایرسه اولار مېنینک بیلان ایتیشقاندا. خدا
قوپاردا من نیمه قیلای؟ و اول یوقلاردا من انگا نیمه
١٥ جواب برای؟ منی قورساقدا یراتقوچی انی قیلمادیمو و
١٦ بیزنی رحمدا یاساغوچی بر ایماسمو؟ مسکیندین خواهشینی

اياغان بولسام و يا تول نينك كوزلاريكا قيسقه‌ليق قيلغان
بولسام. و يا لقمه‌م‌نی يالغوز يكان بولسام و يتيم اينكدين ١٧
عاكان بولسه. (يوق يكيتليكيم‌دين تارتيب اتاسی قاشيدا ١٨
بولغانديك منينك بيلان تربيّت تاپتی و انام‌نينك قورسا
قيدين بری تول‌نينك باشلاغوچی‌سی بولوب دورمن).
كمرسه ايكين احتياجی اوچون ضايع بولغان‌نی و يا فقير ١٩
نينك ياپينچی‌سی يوق ايكانی‌نی كورگان بولسام. اينك ٢٠
پشتی منكا دعای خير قيلماغان بولسه و اول پاقلانلاريم
نينك يونكی بيلان ايسيماغان بولسه. ياريليقيم‌نی دروازه‌دا ٢١
كوركاچ يتيم‌نينك ضديغه قولوم‌نی كوتاركان بولسام. اول ٢٢
وقت موره‌م دوله تارغاقيم‌دين توشسون و بازوم سونكاكدين
سيندورولغای. چونكه خدادين كالكان مصيبت منكا ٢٣
خوف بولور و اننك فضيلتی‌نينك سببيدين من هيچ
نه قيلالمادیم. اميديم‌نی التونغه باغلاب صاف التونغه ٢٤
اعتماديم سن دورسن ديب ايتقان بولسام. دولتيم چونك ٢٥
بولغانی اوچون و قولوم جيق تاپقانيغه خرسند بولسه
ايرديم. كون ياروغاندا و يا آی جلا بيلان مانكغاندا ٢٦
انكا قايلاسه ايرديم. و كونكلوم ياشورون الدانغان واغزيم ٢٧
قولوم‌نی سويكان بولسه. بو هم حاكم‌لاردين عقوبت ٢٨

الغودیك بوزوغلوق بولور ایردی چونکه یوقاریداکی
۲۹ خداغه یالغان ایتیب ایردیم. اگر منی یمان کورکوچی
یدینك هلاك بولوشیغه خرسند بولسه ایردیم و یا یمان
انکا یتکانده اوزومنی اولوغلاندورغان بولسه ایردیم.
۳۰ آری لعنت بیلان ایذنك تیریکلیکنی تیلاماك بره
۳۱ اغزیمنی گناه قیلغالی قویماس ایردیم. چادریم یدینك
کشیلاری ایتماسه‌لارکه اینك گوشتیدین توعاغان بریی
۳۲ کیم تاپالایدور؟ مسافر کوچه‌ده قونمادی امّا ایشیك لاریمنی
۳۳ یولغه اوچوق قویار ایردیم. اگر آدمدیك عصیانلاریمنی
سینه‌مده بوزوغلوق لاریمنی یاشورماق بره یاپسه ایردیم.
۳۴ خلایق کثرتیدین قورققانیم اوچون و قبیله‌لارنینك
حقارتی منی قورقانی شونداغکه من شوك توروب ایشیکدین
۳۵ چیقمادیم — کاشکه منی انکلایدورغان کمرسه‌بار بولسا ایردی!
(منا نشانه‌م! قادرمطلق منکا جواب برسون،) و
دعواکریم پتوکان خلاف نامه‌سی منده بولغای ایردی!
۳۶ یقیناً انی مورده‌م اوستیده کوتارور ایردیم. انی بر
۳۷ تاجدیك اوزومکا توختاتور ایردیم. قدملاریمنینك
عددیی انکا بیان قیلور ایردیم بر امیردیك اینك
۳۸ قاشیغه بارور ایردیم. اگر زمینیم منینك ضدیمغه فریاد

٣٩ قیلسه و اینینك تاپلاری یغلاشسه. اگر پُلسز اینینك
حاصلی نی یگان بولسام و یا اینینك ایگالاری نینك
٤٠ تیریکلیکی نی یوتوزگان بولسام. بغدای اورنیغه تیکان
و اربه اورنیغه اوت اونوب چیقسون.
ایوب نینك سوزلاری تمام بولوب دور.

## اوتوز ایکنجی باب

١ پس بو اوچ آدم ایوبغه جواب برماکدین توختادیلار
٢ چونکه اول اوز کوزلاریده عادل ایردی. اول وقت
رام نینك قبیله سیدین بوزلوق بَرَکئیل اوغلی اِلیهو نینك
اچیغی توتاشتی. اینینك اچیغی ایوبغه توتاشتی چونکه خداغه
٣ اعاس بلکه اوزیگا تصدیق قیلدی. هم اینینك اوچ
دوستیغه اچیغی توتاشتی چونکه اولار هیچ جواب
٤ تاپمای ینه ایوبغه حکم قیلیب ایردیلار. ایمدی اِلیهو
ایوبغه سوز قیلماق نی تاخیر قیلیب ایردی چونکه اولار
٥ اینیکدین قریراق ایردیلار. و اِلیهو بو اوچ آدم نینك
اغزیدا هیچ جواب یوق ایکانی نی کورگانده اینینك
اچیغی توتاشتی.
٦ و بوزلوق بَرَکئیل اوغلی اِلیهو سوز قیلیب ایتی:

من یاش دورمن و سیزلار قری سال دور سیزلار.
اول سببدین من تأخر قیلیب اوز رأییم نی سیزگا کور
۷ ساتکالی جرئت قیلمادیم. کونلار سوزلاکای. و یل
لار نینک زیاده‌لیکی حکمت نی اورگاتسون دیب ایتّیم.
۸ امّا انساندا بر روح باردور و قدر مطلق نینک نفسی
۹ اولارغه عقل برور. چونک بولغانی بیلان کشی دانا
ایماس و نه قری بولغانی برله حکم قیلیش نی اوقار.
۱۰ اندینک اوچون من ایتّیم: منکا قولاق سالینکلار من هم
۱۱ رأییم نی کورساتای. منا من سوزلارینکیزگا انتظار
ایردیم سیزلار نه ایتقانینکیزنی تفتیش قیلغاندا دلیل
۱۲ لارینکیزگا قولاق سالیب توردوم. آری سیزلارگا
زهنیم نی قویوب توردوم و منا ایوّب نی اسکات قیلغالی
هیچ کیم یوق و یا اندینک سوزلاریگا جواب بر کوچی
۱۳ آرانکیزدا یوق ایردی. زینهار دیماکایلار: بیز حکمت نی
تاپیب دورمیز؛ آدم ایماس بلکه خدا مونکا غالب
۱۴ بولغای. چونکه اول سوزلارنی منینک ضدیمغه کاتور
ماب‌دور و هم سیزنینک سوزلاشکانینکیزنی ایشلاتیب
۱۵ انکا جواب برماینن. اولار حیران دورلار اولار ینه
جواب برمایدورلار ایتقالی اولارنینک بر سوزی یوق

دور. و اولار سوزلاماکانی اوچون اولار شوك توروب ١٦
ینه جواب برماکانی اوچون من توختایمنمو؟ من اوز ١٧
نوبتیمده جواب برای من هم اوز رأییمنی کورساتای.
چونکه سوزلاردین تولغان دورمن ایچیمداکی روح منی ١٨
زورلایدور. منا قورسافیم سولاغلیق شرابدیك دور ١٩
ینکی تولومغه اوخشه یاریلغالی طیّاردور. سوز قیلای ٢٠
تاکه آرام تاپقایمن لبلاریمنی اچیب جواب برای.
هیچ کیمکا یوز خاطر قیلماق منکا جایز ایماس و هیچ ٢١
آدمنی سیلاب سوزلامایمن. چونکه سیلاماغلیقنی ٢٢
بیلمایمن مبادا یراتقوچیم منی پات الیب کیتار ایردی.

## (اوتوز اوچونجی باب)

هرقایداغ بولسه ای ایوّب سنکا التماس قیلورمن ١
سوز قیلغانیمنی انکلاب همه منینك سوزلاریمکا قولاق
سالغیل. منا ایمدی اغزیمنی اچیبدورمن تیلیم اغزیمدا ٢
سوز قیلیب دور. سوزلاریم کونکلومنینك راستلیقنی ٣
چیقارور و لبلاریم بیلکانینی اخلاص بیلان سوز
قیلورلار. خدانینك روحی منی قیلیبدور و قادر مطلق ٤
نینك نفسی منکا تیریکلیك برور. اکر قیلالاسانك منکا ٥

جواب برگیل. سوزلارینگنی منینگ الدیمدا ترتیب
٦ قیلیب الدیغه چیقغل. منا سن خدانینگ حضوریدا
بولغاندیلک من هم بولورمن؛ من هم سغیزدین یاسالغان
٧ دورمن. منا منینگ خوفیم سنی قورقوتمایدور منینگ
٨ قیستاماغلیقیم سنینگ اوستونگگا اغیر هم بولماس. یقیناً
منینگ انگلاماقیمغه سوزلاب دورسن و سوزلارینگ
٩ نینگ آوازینی شونداغ انگلاب دورمن. من عصیان
سز پاک دورمن صاف دورمن بوزوغلوق هم منده
١٠ یوق دور. منا اول منینگ ضدیمغه سبب تاپیب منی
١١ اوز دوشمنی سانایدور. اول پوتلاریمنی کوتکگا
١٢ سالیب همه یوللاریمنی پایلاب تورادور. منا من سنگا
جواب برای که مونینگدا صادق ایماسدورسن چونکه خدا
١٣ انساندین اولوغ دور. نمه اوچون آنینگ ضدیغه ایتیشور
سن؟ چونکه اول هیچ اوز ایشلاریگا جواب برماس.
١٤ چونکه کشی اعتبار قیلماسه هم خدا بر آری ایکی
١٥ مرتبه سوزلایدور. بر توشده کیچه نینگ بر رؤیایدا
انسانغه قاتیق اویقو توشکانده اوراندا خوالیق اوخلاغاندا
١٦ اول وقت آدملارنینگ قولاقلارینی اچیب اولارنینگ
١٧ عبرتلارینی مهورلایدور. تاکه آدمنی اوز نیتیدین

۱۸ تارتیب الیب انساندین تکبّرنی یاشورغای . اول اینینك
جانی نی چاه دین و تیریکلیکی نی قلیچ برله هلاك بولوشدین
۱۹ ساقلار . اول اوز ایسیدا درد برله و سونکاکلاریده دایم
۲۰ تارتیشماغلیق برله عبرت قیلینور . شونداغکه اینینك
تیریکلیکی نان نی و اینینك جانی مزه لیك غذانی نفرت
۲۱ قیلور . اینینك اتی کورونماکودیك قوروب کیتکان
۲۲ کورونماکان سونکاکلار چیقیب قالادورلار . آری
اینینك جانی چاه غه و تیریکلیکی اولتورکوچیلارکا یقینلاشور .
۲۳ اکر اینینك ایچیده بر فرشته بار بولسه بر تیلماچ مینك
نینك ارا سیدا بر انسانغه انکا راست بولغانی نی کورساتکالی .
۲٤ اول وقت انکا مرحمتلیك بولوب ایتور : انی چاه غه
توشکانیدین قوتقازغیل من بر کفارت تاپیب دورمن .
۲۵ اینینك اتی بلانینك کیدین تازه راق اول یاش وقتی نینك
۲٦ کونلاریکا یانار . اول خداغه دعا قیلور و اول انکا
راضی بولور ، شونداغکه اینینك یوزینی شادلیق بیلان
۲۷ کورور و آدم غه عدالتی نی یاندوروب برور . آدملار
الدیدا شعر اوقوب ایتور : من کناه قیلیب راست بولغان نی
۲۸ بوزوب دورمن و لیکن منکا فائده برمادی . اول جانیم نی
چاه غه توشکاندین خلاص قیلیب دور و حیاتیم نوری

۲۹ کورادور. منا بر آدم اوچون ایکی آری اوچ مرتبه
۳۰ همه بو نرسه‌لارنی خدا حرکت قیلور. تاکه اینینك جانی نی
چاه‌دین یاندورسون که اول حیات‌نینك نوری بیلان
۳۱ یاروغای. ای ایّوب آگاه بولوب منکا قولاق سالغیل
۳۲ شوك تورغیل و من سوز قیلای. ایتقالی بر نرسه‌نك
بولسه منکا جواب برکیل. سولازکیل چونکه سنی تصدیق
۳۳ قیلغالی خواهلارمن. بولماسه سن منکا قولاق سالغیل.
شوك تورغیل و من سنکا حکمت اورکاتای.

## اوتوز تورتونجی باب

۱ ینه الیهو سوز قیلیب ایتّی:
۲ سوزلاریم‌نی انکلانکلار ای دانا کشیلار و منکا
۳ قولاق سالینکلار ای بیلکوچیلار. چونکه تامغاق یمك
٤ نی تاتیغاندیك قولاق سوزلارنی سینار. اوزومیز اوچون
راست بولورنی ایلغایلی اوز آرامیزدا نمه یخشی‌دور
۵ بیلالی. چونکه ایّوب ایتیب‌دور: من عادل دورمن و
٦ خدا حقیم‌نی الیب کتیب‌دور. راستلیق منینك طرفیم‌ده
بولغانی بیلان یالغانچی سانالورمن. منده عصیان یوق
۷ بولغانی بیلان زخمیم ساقایمایدورغان ایکان. قایسی آدم

ایوبدیك بولور؟ اول مسخرەلیق نی سودیك ایچار. * اول ٨
خطا قیلغوچیلار بیلان یولداش بولوب فاسق آدملار
بیلان یورور. * چونکه اول ایتیبدور: کشی خدا بیلان ٩
اوزینی سویوندورسه انکا هیچ فائده برمایدور. * ایننك ١٠
اوچون سیزلار ای عقل‌لیننك کشیلاری منکا قولاق
سالینکلار. خدادین یراق بولسونکه اول یمانلیق قیلغای
ایردی و قادرمطلقدین که اول خطالاغای ایردی. * چونکه ١١
آدمچه ایش اول انکا یاندورور و هرکیمسه‌کا اوز یول
لاریغه موافق اجر یتکوزادور. * آری حقیقتاً خدا ١٢
یمانلیق بیلان ایش قیلمایدور و قادرمطلق حکم‌نی هم
بوزمایدور. * کیم یر اوستیداکی خبردارلیق‌نی انکا بردی ١٣
و یا کیم تمام عالم‌نی ایننك اوستیکا قویوبدور؟ * اول ١٤
کونکلی‌نی آدم اوستیکا توختاتسه اکر روحی‌نی و نَفَسی
نی اوزیکا ییغیب السه * همه بشر بیله هلاك بولوشور ١٥
و انسان ینه تفراقغه یانار. * پس اکر ذهنینك بار بولسه ١٦
مونی انکلاغیل. سوزلاریم‌ننك آوازیغه قولاق سالغیل. *
آیا راستلیق‌نی یمان کورکوچی حکم سورامدور؟ و یا ١٧
سن عادل و کوچلوق کیمسه‌کا حکم قیلور مو سن؟ * بر ١٨
پادشاهغه مکروه دورسن و یا اصلزادەلارغه فاسیق ایکان

١٩ سیز لار دیب ایتقالی بولورمو؟ امیرلارینینک شخصلیقیغه
اعتبار قیلماغوچی و هم دولتمندنی مسکیندین زیادەراك
بیلماگوچی قاچه کمدور؟ چونکه اولار همەسی اینینک
٢٠ قول لاری نینک ایشی دور لار. بردمده اولورلار آری
کیچه اوتراسیدا. خلایق ارغیتیلیب اوتوب کیتارلار و
٢١ عظیم لار قول سز الینیب کیتارلار. چونکه اینینک کوز
لاری آدم نینک یول لاری اوستیده دور و اول اینینک
٢٢ همه یوروشلارینی کورادور. خطا ایشلاکوچیلار اوزینی
٢٣ یاشورغالی قرانگغولوق ویا اولوم سایەسی یوق دور. چونکه
خدانینک الدیدا حکم گا بارغالی آدمنی تولا اویلاماغلیق
٢٤ انگا لازم بولماس. اول عظیم کیشیلارنی سوراق سز
سیندوروب پاره پاره قیلیب اولارنینک اورنیغه باشقه
٢٥ لارنی تورغوزور. اینینک اوچون اولارنینک ایشلاریدین
خبر الور و خراب بولغودیك اولارنی کیچەده یقیتور.
٢٦ باشقه لارنینک نظریده آشکارا اولارنی فاسق آدملار
٢٧ دیك اورادور. چونکه اولار انگا ایرگاشماکدین
چیقیب اینینک یول لاری نینک هیچ قایسیسینی اعتبار
٢٨ قیلماس ایردیلار. شونداغکه اولار مسکینلارنینک
فریادینی اینینک الدیغه کالتوردیلار و اول زحمتلیك لار

نینك فریادینی انکلادی. اول تنجلاندورغاندا کیم انکا ٢٩
حکم قیلالاور؟ کیم انکا قایلالایدور اول بر قومغه و
یا بر آدمغه اوخشاش قیلیب. خداسز آدم سلطنت ٣٠
قیلماغای و خلق اوچون سیتمه بولغوچی بولماسون دیب
یوزینی یاشورغاندا؟ چونکه کمرسه خداغه ایتیب دورمو: ٣١
من تأدیب تارتیب ینه خفه قیلمایمن. من کورماکاننی ٣٢
سن منکا اورکاتکیل. اکر خطا قیلغان بولسام ینه قیلمایمن؟*
سن قبول قیلماغاچ انینك اجری سن خواهلاغاندیك ٣٣
بولامدور؟ چونکه منکا ایماس بلکه سنکا ایلغاغالی کراك
دور. ایدینك اوچون بیلکانینکنی ایتقیل.* عقلینینك ٣٤
کشیلاری آری منی انکلایدورغان هر دانا آدم منکا
ایتادور: ایوب بیلیشسز سوزلایدور و انینك سوز ٣٥
لاری بیحکمت دورلار. ایوب فاسق آدملاردیك ٣٦
جواب برکانی اوچون آخرغچه امتحان قیلینغای ایردی.
چونکه اول کناهیغه عاصیلیق نی قوشوب بیز نینك ارامیز ٣٧
دا چواك چالیب اوز سوزلارینی خدانینك ضدیغه
زیاده لاندورور.

## اوتوز بشنجی باب

١ ینه الیهو سوز قیلیب ایدی:
٢ راستلیقیم بودیب خیال قیلورموسن؟ ویا منینك عدالتیم
٣ خدانینك کیدین زیاده‌دور دیب ایتورسن‌مو، که ایتور
سن: اول سنینك اوچون نمه نفع بولور و گناه قیلغانیم
٤ دین زیاده منکا اینکدین نمه فائده بولور؟* سنکا و سنینك
٥ بیلان دوستلارینکغه من جواب برای.* آسمانلارغه
قاییلاب کورکیل و سندین ایکیزراك بولوتلارغه
٦ باققیل.* گناه قیلغان بولسانك اینینك ضدیغه نمه قیلور
سن؟ و اگر عصیانلارینك زیاده بولسه انکا نمه قیلور
٧ سن؟* سن عادل بولسانك انکا نمه برورسن؟ و یا اول
٨ سنینك قولونکدین نمه تاپیب الور؟* سنینك فاسیقلیقینك
سنکا اوخشه بر کشیکا زیان قیلور مکن و سنینك عدا
٩ لتینك بر آدم اوغلیغه فائده برور مکن. زورلاماغلیق
نینك زیاده‌لیکی سببیدین فریاد قیلورلار اولوغلار نینك
١٠ بازوسی نینك سببیدین یاری اوچون توولایدورلار. امّا
هیچ کیم ایتمایدور: خدا یراتغوچیم نه یرده‌دور اول که
١١ کیچه‌نینك ایچیده تسبیح اوقوماغلیقغه سبب‌دور. که

بیزنی یرنینک حیوانلاریدین زیاده راك اورکاتور و بیزنی هوا
داکی اوچارلیق لاردین داناراق قیلور. اندا فریاد قیلورلار اما ١٢
عمان آدملارنینک تکبّرلوکی نینک سببیدین هیچ کیم جواب
برماس. یقیناً خدا عبث انکلامایدور و قادر مطلق هم انکا ١٣
خاطر قیلماس. دعوا اینینک الدیدا دور وسن انکا ساقلاب ١٤
تورورسن انکا قایلامایمن دیب ایتقانینکدا قانچه کم بولور.
و اینینک غضبی تحقیقلامایدور و آدملارنینک غروریغه ١٥
آنچه قایلامایدور دیب ایعدی کمان قیلورمو سن؟. پس ١٦
ایّوب عبث بیلان اغزینی اچیب بیلیش سز سوزلارنی
زیاده کاتتورور.

## اوتوز التنجی باب

الیهو هم سوزکا کیریب ایتّی: ١
منکا آزغنه صبر قیلغیل من سنکا کورساتای چونکه ٢
خدا اوچون تخی برمونچه دیشیم بار. بیلیشیمنی یراقدین ٣
الیب کلیب یراتقوچیمغه عدالتنی حملی قیلای. حقیقتاً ٤
سوزلاریم یالغان ایماس بیلماکلیکده کامل بر کشی سنینک
بیلان دور. منا خدا عظیم دور و هیچ کیمنی تحقیر قیلمایدور ٥
اول عقل نینک قوّتیده عظیم دور. اول فاسق نینک حیاتینی ٦

٧ ساقلامایدور امّا زحمتلیك لارکا حقی نی برادور. عادل لار
دین اوز کوزلارینی یاندوروب المایدور امّا پادشاه لار بیلان
تختیدا ابدغچه اولارنی اولتورغوزادور و اولار اولوغلا
٨ نورلار. و اگر اولار زنجیر برله باغلانیب زحمت نینك
٩ باغلاریدا توتولغان بولسه لار. اول وقت اولارنینك
تکبّرلوك بیلان قیلغان ایشی نی و عصیانلاری نی اولارغه
١٠ کورساتور. قولاق لاری نی هم عبرت کا اچادور و امر قیلور
١١ که اولار خطادین یانغایلار. اولار قولاق سالیب انکا
خذمت قیلسه لار کونلاری نی سعادت حالدا و یل لاری نی
١٢ سویونما کلیك بیلان اوتکوزورلار. امّا قولاق سالماسه لار
١٣ قلیچدین هلاك بولوب بیلیش سز اولورلار. امّا کونکلیده
خداسز بولغانلار غضب یغارلار. اول اولارنی باغلاغاندا
١٤ یاری اوچون چقیرماسلار. اولار یاش وقتیدا اولورلار
و اولارنینك تیریکلیکی هزلك لار اراسیدا هلاك بولور.
١٥ زحمتی نینك واسطه سی برله زحمتلیك نی خلاص قیلیب
١٦ ظلم نینك واسطه سی برله قولاق لاری نی اچار. آری اول
سنی تنکلیکدین تارلیقی یوق کنکرو یرکا باشلاب الیب
بارور ایردی و دستورخوانینکغه قویولادورغان نرسه لار
١٧ یاغدین تولغان بولور ایردی. امّا سن فاسق نینك حکمی

بیلان تولغان دورسن حکم بیلان عدالت سنی توتار. اچیغ ١٨
بار بولغاچ آگاه بولغیل بولماسه کفایتلیکینکدین باشلانیب
الینیب بارورسن و همم بدل نیننک چونکلوقی سنی آزدورماغای.
دولتیننک ویا کوچونک نیننک زورلوقلاری کفایت قیلور ١٩
موکه سن تنکلیکده تورمایسن؟ کیچه نی خواهلاماغیل ٢٠
وقتیکه خلایق جاییدین کسیلورلار. آگاه بولوب خطانی ٢١
خاطر قیلماغیل چونکه زحمتدین کوره مونی ایلغابسن.
منا خدا اوز قدرتیده ایکیزلیك قیلور. کیم انکا اوخشه ٢٢
معلّم دور؟ کیم انینك یولی نی انکا خبردارلیق قیلیب دور ٢٣
ویا سن عدل سزلیك قیلیب سن دیب کیم ایتالور؟
یاد ینکدا ساقلاغیل که سن انینك ایشلارینی اولوغلاندور ٢٤
غایسن؛ اول عمل لار که آدم لار بارهسیدین شعر اوقورلار.
همه سی انینککا نظر سالیب دورلار انسان یراقدین انکا ٢٥
قاپلاب دور. منا خدا اولوغ دور و بیز انی بیلماعیمیز؛ ٢٦
انینك یل لاری نینك عددی حدسزدور. چونکه انینك ٢٧
بخاریدین یامغور بولوب چیقادورغان سونینك قطره لارینی
یوقاریغه اول تارتار. بولوت لار اولارنی توشوروب آدم ٢٨
اوستیکا کنکروچیلیك بیلان تمیتورلار. آری کمرسه ٢٩
بولوت لارنینك یاییشی نی انینك ساپیانی نینك کولدور

٣٠ لاشى نى اوقويالور مو؟ منا اول انينك چوره سيدين
٣١ ياروقى نى ساچيب دريانينك تيكى نى ياپار. چونكا بولار
بيلان خلقلارغه حكم قيليب كنكرو چيليك بيلان رزق نى
٣٢ برور. قوللارينى چاقين بيلان ياپيب انى حمله قيلغوچى
٣٣ نينك الديغه ايبارور. انينك غوغاسى انينك توغراسيدين
هم چهارپاى مال چيقادورغان بوراننينك باره سيدين
خبر برور.

## اوتوز يتنچى باب

١ شونينك بيلان يوراكيم هم تيتراب جاييدين چيقادور.
٢ انينك آوازى نينك غوغاسيغه و اغزيدين چيقان اونيكا
٣ قولاق سالينكلار. اول تمام آسمان نينك تكيكا انى ايباريب
٤ چاقينى نى ير نينك انتهالاريغچه يتكوزور. انينك ارقاسيدين
بر آواز اولويدور اوز فضيلتى نينك آوازى بيلان كولدور
لايدور. و انينك آوازى انكلانغاندا اول اولارنى توختاتاى
٥ دور. خدا آوازى برله عجايب كولدورلايدور بيز درك
٦ قيلالمايدورغان اولوغ نرسه لارنى اول قيلور. چونكه اول
قارغه ايتور: يركا سن توشكيل. شاقرام يامغوريغه و انينك
٧ قاتيق شاقرام يامغوريغه هم شونداغ (ايتور). اول هر

آدم نینک قولی نی مهرلایدور تاکه همه اول یراتقان کشیلار
بیلکایلار. اول وقت جانورلار پناکاهلاریغه کیریب ٨
اونکورلاریده توختارلار. بوران جنوب نینک خزانه سیدین ٩
و سوغاق حد شمال دین چیقار. خدانینک نفسی برله موز ١٠
بریلکان دور و سولارنینک کنکلیکی قیسیلور. آری اول ١١
قالین بولوت نی نم بیلان یوکلایدور چاقین بولوتی نی
تاشقاری ساچار. و اینینک هدایتی بیلان هر طرفکا ١٢
چورکولور تاکه اول اولارنی هر نه بیورسه آبادلیق یر
نینک یوزیده قیلغایلار. یا تأدیب اوچون یا یورتی اوچون ١٣
ویا لطف اوچون انی کالکوزور. بونکا قولاق سالغیل ای ١٤
ایوب. شوك توروب خدانینک عجایب ایشلاریی اویلاغیل.
خدا اولارنی قایداغ یوردوروب بولوتی نینک چاقینی نی ١٥
یاروتوب برکانی نی سن بیلور مو سن؟ بولوتلارنینک ١٦
تنکیشالکانی نی و عالم مطلق نینک عجایب عمللاریی سن
بیلور مو سن؟ جنوب شمالی نینک سببی برله زمین شوك ١٧
یاتقاندا ایکینلارینك قایداغ ایسسیق بولور؟ قویولغان آیینه ١٨
دیك محکم آسمان نی اینینک برله یایالام سن؟ انکا ایتادور ١٩
غانیمیزنی بیزکا اورکاتکیل چونکه بیز قرانکغولوق سببیدین
سوزلاکانیمیزنی ترتیب قیلالمامیز. سوز قیلغوم بار ٢٠

بولغانی نی انکا ایتیلغامو؟ ویا بر کشی یوتولماکی نی
٢١ خواهلامدور؟ واعدی کشیلار بولوتلارنینك اراسیداکی
روشن نورنی کورماسلار امّا شمال اوتوب اولارنی پاك
٢٢ قیلور. حد شمالدین التون پارقیراشی چیقادور خدا
٢٣ هیبتلیك شوکت نی کیبدور. قادر مطلق نی توتوب درك
قیلالمامیز اول قوّتدا فاضلدور و حکمده و کنکرو
٢٤ صداقتدا اول ظلم یتکوزمایدور. اول سببدین آدملار
انینکدین قورقارلار. اول اوز کوزیده کونکلی دانا
کمرسه نی اعتبار قیلمایدور.

## ( اوتوز سکزنجی باب )

١ اول وقت خداوند قُیون ایچیدین ایّوبغه جواب
بریب ایّی:
٢ بو بیلیشسز سوزلار بیلان مصلحت نی قرانکغو قیلغوچی
٣ کیمدور؟ اعدی بر آدمدیك بلینك نی باغلاغیل چونکه
٤ من سندین سورای و سن منکا معلوم قیلغیل. من یرنینك
اُولی نی قویغاندا سن نه یرده ایردینك؟ سنده بیلماکایك
٥ بار بولسه بیان قیلغیل. انینك مقدارلارینی کیم تعین
لادی — اکر بیلسانك — ویا انینك اوستیده جیجیق نی

۶ کیم تارتّی؟ انینك اوُل لاری نمه نینك اوستیده توختاتیلغان
۷ ایردیلار؟ ویا کیم انینك بورجك تاشی نی قویدی. صبح
یولدوزلار بیلهٔ شادلیق اوقوشقاندا و همه خدانینك اوغول
۸ لاری خوشلوقدین چقیریشیب تورغاندا؟ دریا رحمدین
چیقیب کتکاندیك یایار الغاندا کیم انی ایشیك لار برله
۹ سولادی. وقتیکه بولوت نی انکا ایکین و قب قرانکغولوق نی
۱۰ انینك اوچون زاکا قیلدیم. و انینك اوچون حدودوم نی
۱۱ قرار بریب تاقاق لار بیلان ایشیك لار توختاتیب. ایتیم:
مونینکغچه بارور سن مکر الدیغه راق اماس و متکبّر
۱۲ دولغونلارینك موندا توختاتیلورلار؟ کونلارینك نینك
ابتداسیدین بری سن ایرته کانکا بیوروق قیلیب تانکاتقانغه
۱۳ اوز جایی نی بیلدوردونك مو. تاکه اول یر نینك انتهالارینی
۱۴ توتوب الیب فاسق نی انینکدین ایرغاتیلغای ایردی؟ مُهر
نینك تکیداکی سغیزدیك تبدیل قیلینور و همه نرسه لار
۱۵ بر ایکیندیك الدیغه تورورلار. و فاسق لار اوز نوریدین
۱۶ منع قیلینورلار و ایکیز بازو سیندورولور. دریانینك
بولاق لاری نینك ایچیکا کیردینك مو؟ ویا چوقورلوق نینك
۱۷ تختیدا یوروب مو سن؟ اولوم نینك دروازه لاری سنکا
اظهار قیلیندی مو؟ ویا اولوم سایه سی نینك دروازه لارینی

۱۸ سن کوروب مو سن؟ یرنینك کینکلیکی نی در کلاب دور
۱۹ مو سن؟ اینینك همه سی نی بیلسانك بیان قیلغیل. نورنینك
سکونت یولی نه یرده دور و قرانکغولوقدین بولسه اینینك
۲۰ جایی نه یرده دور. که سن انی اوز حدودیغه کلتوروب
۲۱ اینینك اوی یوللارینی آیریغایسن؟ البتّه سن بیلورسن
چونکه اول وقت توغولغان ایردینك و کونلارینك نینك
۲۲ عددی چونك دور. قارنینك خزینه لاریکا کیریب مو
۲۳ سن؟ ویا طولونینك خزینه لارینی کوروب مو سن؟ یعنی
من تنکلیك وقتی اوچون سوقاش و جنك نینك کونیکا
۲۴ ساقلاغان ذخیره. نور قایسی یول بیلان آیریلینور؟ ویا
مشرق شمالی یر اوستیده نه (طریقه بیلان) تار
۲۵ قالینور؟ کیم سیل اوچون اریق ویا کولدورولوش نینك
۲۶ چاقینی اوچون یول اچیب دور. هیچ کمرسه بولمایدورغان
۲۷ یورت دا هیچ آدم یوق جنکلدا یامغور یاغدورغالی. بیابان
بیلان ویرانلیق نی قاندورغالی و ینکی کوك نی چیقارغالی؟
۲۸ یامغورنینك اتاسی بار مو؟ ویا کیم شبنم نینك قطره لارینی
۲۹ توغوب دور؟ موز کیم نینك قورساقیدین چیقتی؟ هوانینك
۳۰ قیراسی کیم انی توغوب دور؟ سولار تاش برله یاشورولغاندیك
دورلار و چوقورلوق نینك یوزی موزلاغان دور.

٣١ هوکه یولدوزنینک زنجیرینی سن باغلایالام‌سن؟ ویا ترازو
٣٢ یولدوزنینک باغلارینی بوشاتالورمو سن؟. سن آسمان
علامت‌لارینی اوز وقتیدا کلتورالورمو سن؟ ویا نعش‌نی
٣٣ اوز بالالاری بیلان باشلایالورمو سن؟. آسمانلارنینک
نظام‌لارینی بیلورمو سن؟ انینک سلطنتی‌نی یرده مقرّر
٣٤ قیلالورمو سن؟. بولوت‌لارغه آوازینک‌نی کوتارالورمو
٣٥ سن تاکه سولارنینک غول‌لوقی سنی یاپغای؟. چاقین‌لار
ایباریب برالورمو سن‌که اولار باریب سنکا موندا دور
٣٦ میز دیب ایتقایلار؟. قرا بولوت‌لاردا کیم حکمت قویوب
٣٧ دور؟ ویا کیم اوق یولدوزغه عقل بریب‌دور؟. کیم حکمت
بیلان بولوت‌لارنی سانایالایدور؟ ویا کیم آسمان‌نینک
٣٨ تولوم‌لارینی توکالور. تفراق اقیب جمعلاشکانده و چالمه‌لار
٣٩ بربریکا چاپلاشقاندا؟. تیشی شیر اوچون شکارنی چیقاریب
٤٠ یاش شیرلارنینک اشتهاسیغه کفایت کلتورام‌سن. اولار
اونکورلارده ایکیلیب یاتیب بوقتورمادا ساقلاب ماراب
٤١ یاتقاندا؟. قوزغون قارغاسی اوچون بالالاری خداغه
قچقیرغاندا و یکولوک یوقلوقیدین چورکولوب یورکانده
رزقی‌نی کیم حاضرلاندورادور.؟

## اوتوز توقوزونجی باب

١ تاغ تاکالاری توغقان وقتی‌نی بیلور مو سن؟ ویا
٢ مرال‌لار اوغلاقلاغان وقت‌نی فهم قیلالام‌سن؟ اولار
بوغاز بولغان آی‌لارنی حسابلایالور مو سن؟ ویا اولار
٣ نینک توغادورغان وقتی‌نی بیلور مو سن؟ اولار اینکیشیب
٤ بالالارینی توغوب غم‌لارینی تاشلاب اتارلار. اولار
نینک بالالاری یخشی یاقیشلیق بولوب اوچوق میداندا
٥ اوسارلار. اولار کتیب باریب ینه یانماسلار. کیم
قولان‌نی آزادلیققه ایباریب دور؟ ویا کیم یاوا ایشاک
٦ نینک باغلارینی یشیب دور؟ بیابان‌نی انکا اوی و
٧ شورلوق‌نی انکا سکونت قیلیب دورمن. شهرنینک
غوغاسیغه مسخره قیلیب هیداکوچی‌نینک هیداکانی‌نی
٨ هم انکلامایدور. انینک یایلاقی تاغلار اراسیدا دور و
٩ هر کوک نرسه‌نی ایستاب یورور. یاوا کاله سنکا
خذمت قیلغالی راضی بولور مو؟ ویا سنینک آخورونکدا
١٠ توختار مو؟ یاوا کاله‌نی تیزکانی برله تاپ ایچیده باغلا
یالام‌سن ویا اول ارقانکدین دره‌لارنی سورام سالامدور؟
١١ انینک کوچی چونک بولغانی اوچون انکا اعتماد قیلور

مو سن؟ ویا ایشینگنی انکا تاپشوروب برور مو سن؟.
١٢ حصول دانه لارینکنی اویکا کلتوروشکا و خرمانینکدین
١٣ یغیب الماقنی انکا باور قیلام سن؟. شتر مرغ نینک قنات
لاری خرسند بولور امّا انینک پی لاری و توک لاری
١٤ مرحمتلیک بولور مو؟. چونکه اول تخوم لارینی یرکا
تاپشوروب قویار و تفراق ایچیده اولارنی ایسیتور.
١٥ و اونوتوب قالورکه پوت اولارنی سیندورغای یاکه
١٦ وحشی حیوان اولارکا دبساکای. اول اوز اوشاق
لاریغه قاتیق دور اوزی نینک کی بولماغاندیک؛ انینک
١٧ رحمتی بیکار بولوشقه پرواسی یوق دور. چونکه خدا
حکمت دین انی محروم قیلیب دور و هم عقلغه انی
١٨ حصّه دار قیلماب دور. قچان که اوز اوزینی ایکیز کا کوتارسه
١٩ اطنی و انکا مینکوچی نی اول مسخره قیلور. اطغه انینک
قوّتی نی سن بردینک مو؟ انینک کردنیغه یالپینغان یالی نی
٢٠ سن کیدوروب مو سن؟. انی ملخدیک سکلاتوروب مو
٢١ سن؟ انینک خواقریشی نینک هیبتی خوفلوق دور. دره ده
تپه چیلاب کوچیدا خوش بولور یراغلیق آدم بیلان
٢٢ اوچراشقالی چیقادور. قورقوشنی زانکلا قیلیب دهشت
٢٣ قیلمایدور و هم قلیچدین ارقاغه یانمایدور. ساغداق

ایینلک اوستیده تراق تروق قیلور و پارقیرایدورغان مزراق
۲۴ بیلان نیزه. تیتراك و اچیغ بیلان یرنی دم تارتادور
۲۵ و هم کرنای آوازیدا شوك تورمایدور. کرنای قچان
اونلاسه های هوی دیب ایتور. یراقدین سوقاشنی
و سردارلارنینك گولدورلاکانی نی و غوغالارنی
۲۶ بورایدور. قارچیغه سنینك حکمتینك بیلان ایکیز اوچوب
۲۷ جنوب طرفیگا قناتلارینی ارکاتور مو؟ قراقوش
سنینك بیوروغونك بیلان یوقاری چیقیب اوواسی نی
۲۸ ایکیزده یاسامدور؟ قورامدا سکونت قیلیب اندا قونار
۲۹ قورام نینك اوچیده و تیك تاغ نینك اوستیده. اول
یردین اوّنی نظریکا الور. ایینك کوزلاری یراقدین
۳۰ انی تاپار. ایینك اوشاقلاری هم قان ایچادورلار و
اولتورولکانلار قایرده بولسه اول اندا دور.

## قرقنجی باب

۱ ینه خداوند ایّوبغه سوز قیلیب ایتّی:
۲ ملامت قیلغوچی قادر مطلق بیلان دعوالاشغایمو؟
خدا بیلان ایتیشغوچی اوزی جواب برسون.
۳ اول وقت ایّوب خداوندکا جواب بریب ایتّی:

مانا من کمینه دورمن سنکا نمه جواب برکایمن؟ ٤
قولومنی اغزیمغه قویارمن. بر مرتبه سوزلاب دور ٥
من و جواب برمایمن آری ایککی مرتبه امّا ینه
سوزکا کیرمایمن.

---

اول وقت خداوند قیون ایچیدین ایّوبغه جواب ٦
بریب ایتّی:
بر آدمدیك بلینینکنی اعدی باغلاغیل. من سندین ٧
سورای و سن منکا معلوم قیلغیل. منینك حکمومنی ٨
هم بوزارموسن؟ منکا حکم قیلورموسن تاکه اوزونککا
تصدیق بولغای؟ و یا خداغه اوخشه بازونك بارمو؟ و ٩
اینکدیك آواز برله کولدورلایالورموسن. اوزونکنی ١٠
اعدی فضیلت و اولوغلوق برله زینتلاندورکیل و
اوزونکنی جلال و شوکت برله راستلاغیل. غضبینك ١١
نینك زیادهلیکینی توکوب چیقارغیل و هر بر متکبّرکا
قاییلاب انی پستلاتکیل. تکبّر بولغان هر بریکا قاییلاب ١٢
پستکا کلتورکیل و فاسقلارنی اولار تورغان یرده
یقیتیب دبساکیل. اولارنی تفراقنینك ایچیده بیلّه ١٣
یاشوروب یوزلارینی یاشورونده باغلاغیل. اول وقت ١٤
اوز اونك قولونك سنی قوتقازالایدور دیب من هم

١٥ سنینك باره نكدین اقرار قیلای. ایمدی من سنینك
بیلان یراتقان بهیموثغه قایلاغیل اول كاله دیك اوت
١٦ ییدور. منا ایمدی اینینك كوچی بلیده و قوّتی قورساقی
١٧ نینك عضله لاریده دور. قویروقی نی بر آرز درختدیك
اینینك مدیرلاتادور. یوتالاری نینك پی لاری بربرلاریكا
١٨ توقولغان دورلار. اینینك سونكاك لاری میس نور
لاریدیك قبورغه لاری تمور تاقاق لاریغه اوخشاش دور
١٩ لار. خدا قیلغانی نینك تونجی سی اول دور. اینینك
٢٠ یراتغوچی سی اوزی اورغاقی نی انكا بریب دور. یقیناً تاغلار
انكا رزق نی چیقاریب برورلار. اندا یر نینك همه
٢١ حیوانلاری اوینارلار. سایه لیك درخت لار نینك
٢٢ تكیده و قموش بیلان ییكان نینك ستریده یاتار. سایه
لیك درخت لار سایه لاری بیلان انی یاپارلار. اریق
لار نینك سوكت لاری چوره سیدین انی احاطه قیلورلار.
٢٣ منا دریا موجلارینی چیقارسه اول تیترماس اردن اینینك
٢٤ اغزیغچه اورلاسه هم اول خاطر جمع دور. اول خبردار
بولغاندا کیم انی توتغای ویا اینینك بورنیدین کیم كمند
اوتكوزگای؟

## قرق برنجی باب

لویاثان نی بلیق قارماقی بیلان چیقارالامسن؟ ویا ١
شوینه برله تیلی نی باسیب توختاتالامسن؟* انینك بورنیغه ٢
اغرامچی سالیب قویالامسن؟ ویا اینکاکیدین حلقه
اوتکوزالامسن؟* اول سنکا نیازنی زیاده قیلیب سنکا ٣
یومشاق سوزلارنی قیلور مو؟* سنینك بیلان عهد قیلور ٤
موکه سن انی دائم خدمتکار قیلغای ایردینك؟* بر قوچقاچ ٥
برله اوینااغاندیك انینك برله اوینار مو سن؟ ویا اورده
قیزلارینك اوچون انی باغلاب قویامسن؟* بلیقچی شراکت ٦
لاری انینکدین کبلاشورلارمو؟ سوداکرلارنینك اراسیغه
انی پارچهلاب برادورلار مو؟* انینك ترهسی نی نیزهلار ٧
برله ویا انینك باشی نی بلیقچی مزراقلاری برله ایتیب
تولدورالام سن؟* قولونك نی انینك اوستیکا قویغیل. ٨
سوقاشنی یاد قیلیب شونداغ ینه قیلماغیل.* منا انکا ٩
امید قیلیش بیکار. انی کورکانی برله هم کمرسه یرکا
یقیتیلماسمو؟* هیچ کیم انینك اچیغی نی کالتورکالی بی پروا ١٠
بولماس. پس منینك الدیمدا تورالایدورغان کمرسه
کیم دور؟* کیم من انکا یاندوروب برادورغان نرسهنی منکا

اوّل بریب دور؟ تمام آسمان تکیداکی هر نمه بولسه
١٢ منینك کی دور. اینینك اعضالاری باره سیدین شوك تورماین
و نه اینینك عظیم کوچی و نه اینینك خوش اندامی باره
١٣ سیدین. کیم اینینك توپه ایکینی نی سالدورالور؟ اینینك
اینکاکلاری نینك اراسیغه کیم کیرکالی جرئت قیلور.
١٤ اینینك یوزی نینك ایشیکلارینی کیم اچالور؟ تیشلاری
١٥ نینك چوره سیده خوفلوق بار دور. اینینك محکم پوست
لاری چینك مهرلاغاندیك بر بریکا یاپیشلیق کیری
١٦ دور. بری بریکا انداغ یقین دورکه هیچ هوا ارالیقیدین
١٧ کیرالمایدور. اولار بر بریکا چاپلاشقان دورلار اولار
١٨ سیندورالماغودیك بر بریکا توتاش دورلار. اینینك توچکو
روشلاری نور پارقیراشی چیقادورلار و اینینك کوزلاری
١٩ صبح نینك کوز قپاقلاریدیك دورلار. مشعللار اینینك
اغزیدین چیقارلار و اوت اوچقونلار اینینکدین ایتیلیك
٢٠ چیقارلار. اینینك بورون توشوکلاریدین بر قاینای تورغان
قزان نینك کی دیك و کویادورغان قموش نینك کی دیك توتون
٢١ چیقادور. اینینك نفسی کومور توتاشتورور و اغزیدین
٢٢ یالقین چیقادور. اینینك کرده نیده قوّت سکونت قیلور
٢٣ و اینینك الدیدا خوف اوسول اوینایدور. اینینك سریغ

اَت لاری بر بریگا چاپلانغان دور انینگده مضبوط دورلار .
٢٤ اولار تبراماسلار . یوراکی تاشدیك چینك دور آری تکورمن
٢٥ التین تاشیدیك مظبوط دور . اول قوپوب تورغاندا پهلوانلار
٢٦ قورقارلار . حیرت سببیدین هوشیدین کیتادورلار . کمرسه
انکا قلیج برله یتسه اول کار قیلالمایدور و نه نیزه یا اتقون نیزه
٢٧ و نه زره چپان . تمورسماندیك و میس پوریغاچدیك سانایدور .
٢٨ یا نینك اوقی انی قاچتورالمایدور . سالغو تاشلاری انینك اوچون
٢٩ انگیز بولور . عمودلار انگیزدیك سانالورلار . نیزه نینك شراق
٣٠ شرقیغه کولادور . انینك تکی ایتیك سفال قیرلاریدیك
٣١ دور . اول پاتیق ایچیده خرمان غالتکیدیك اویار . اول
چوقورلوق نی بر قزاندیك قاینتوروب دریانی ملحمدیك
٣٢ قیلور . انینك ارقاسیداکی یول نی یاروتور ؛ چوقورلوق
٣٣ آق ساچلیق دور دیب کشی خیال قیلور ایردی . یر
یوزیده انینك اوخشاشی یوق که قورقونچسز قیلینیب دور .
٣٤ هر نمه ایگیز بولسه شونینك غه قارایدور . همه تکبرلوك
نینك اوغول لاری اوستیداکی پادشاه اول دور .

## قرق ایکنچی باب

١ اول وقت ایوب خداوندکا جواب بریب ایتی :

۲ بیلورمن که سن همه نرسه‌لارنی قیلالورسن وکه
۳ سنینك هیچ نیتینك منع قیلینماس. بو بیلیش‌سزلیك
بیلان مصلحت یاشورغوچی کیم دور؟ اینینك اوچون
اوقماغانیم‌نی و من بیلماس و منینك اوچون زیاده
٤ عجایب نرسه‌لارنی کاتوروب دورمن. سنکا یالبارورمن
انکلاغیل و من سوز قیلای. من سندین سورای و سن
٥ منکا معلوم قیلغیل. قولاقینینك انکلاماغلیق برله
سنینك باره‌نکدین ایشیتیب ایردیم امّا اعدی منینك کوزوم
٦ سنی کورور. اینینك اوچون اوزومکا نفرت قیلیب
تفراق بیلان کول‌نینك ایچیدا توبه قیلورمن.

۷ و شونداغ بولدی که خداوند بو سوزلارنی ایّوبغه
قیلیب بولغاندا خداوند تیمانلیق الیفزکا ایتّی: اچیغیم
سنکا و سنینك ایکی دوستلارینکغه توتاشقان دور
چونکه سیز بنده‌م ایّوبدیك راست نرسه‌نی منینك
۸ باره‌مده دیماب سیز. پس اعدی اوزونکیز اوچون یته
بوقا بیلان یته قوچقارنی الیب بنده‌م ایّوبغه باریب.
اوزونکیز اوچون کویدورادورغان قربانلیق
قیلینکلار. و بنده‌م ایّوب سیزلار اوچون دعا قیلادور.
اینینك اوچون اجابت قیلای تاکه سیزلار بیلان

قباحتینگیزغه موافق قیلماغای من. چونکه سیز بندهم
ایوبدیك راست نرسه‌نی منینك باره‌مده دیماب سیز.
۹ پس تیمانلیق الیفز و شوحلوق بلداد و نعماثلیق صوفر
باریب خداوند اولارغه امر قیلغانیغه موافق قیلدیلار.
۱۰ و خداوند ایوب نینك کی‌نی اجابت قیلدی. و ایوب دوست
لاری اوچون دعا قیلغاندا خداوند انی ینکیدین تقریرغه
یاندوردی. و خداوند ایوبغه ایلکاری بار نرسه‌لاردین
۱۱ ایکی حصّه زیاده قیلیب بردی. اول وقت انینك همه
برادرلاری و انینك همه همشیره‌لاری و همه انینك
ایلکاری‌کی تونوش بولغانلار انکا کلیب انینك اویده
انینك بیلان نان یدیلار. و اولار خداوند انینك توبه‌سیکا
کلتورکان همه بلالار باره‌سیدین انی بیچاره‌لاندوروب
انکا تسلّی بردیلار. هر کشی هم انکا بر آق تنکه و هر
۱۲ بری بر التون اوزوك بردی. پس خداوند ایوب نینك
ابتداسیدین آخریغه زیاده برکت بردی. و انینك اون
تورت مینك قوبی و التة مینك تیوه‌سی و بر مینك
۱۳ جفت اوبی و بر مینك ماده ایشاکی بار ایردی. انینك
۱۴ یته اوغلی بیلان اوچ قیزی هم بار ایردی. و اول
اوّلقی نینك اتی یمیماه و ایکینچی نینك اتی قصیعاه و اوچونجی

١٥ نینك اتی قرن هپوك دیب اتادی. و تمام یورتدا ایوب
نینك قیزلاریدیك چرایلیق خاتونلار تاپیلماس ایردی.
و اتاسی اولارنینك برادرلاری بیلان اولارغه میراث
١٦ بردی. و موندین کین ایوب یوز قرق یل عمر کوروب
اوغوللاری و اوغوللارینینك اوغوللاری اوچ
١٧ نسلغچه کوردی. پس ایوب قریب اوزون عمر کوروب
وفات بولدی.

Jobs Bok

övers. av G. Raquette.

Svenska Missionsförbundet.

Ost. Turkestan